# شىنجاڭ تەرجىمىچىلىكى



3

1999

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال

16 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 48 - سان

1999 - يىللىق

3 - سان

باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:

قادىر ھاپىز

غوپۇر ھوشۇر نىيازى

ئابدۇرۇپ ئېلى

مەسلىھەتچىلەر

ئۇيغۇر سايرانى

ئىمىن تۇرسۇن

نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، سابىر ئەلى، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھاپىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

مەسئۇل مۇھەررىر:

ئابلىز ئورخۇن


# مۇندەرىجە

## تەزكىرىچىلىك تەتقىقاتى


قۇمۇل تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا ..........

.......................... يۇسۇپ يۇنۇس 2

تۆھپە — ئەجىرنىڭ مەھسۇلى .................. مەدەنىيەت مۇقاتاي 7


## تارىخ سەھىپىسىدە


هۇنلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىگە نەزەر

.......................... مەخمۇت نىزامى 10

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر مۇھىم مەنبە «ھۇدۇدۇل ئالەم» ......

.......................... يالقۇن مەمەتيار 25

. تۇرپان ئاستانىدا يېڭى ماتارىيىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى

.......................... مەخمۇت ئىلياس 29

هۇنلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ئۈستىدە مۇلاھىزە ......... مو رېنىەن 34


## تارىخىي ئەسلىمە


«ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ......

.......................... س. سەيپۇللايوف 42

قاغىلىق بازىرىدىكى ھىندىلار .............. ئابدۇرېشىت خوجائەخمەت 48

تۇداق تۇەنجاڭ ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم .............. مامۇت غازى 50


## يەر نامىلىرى تەتقىقاتى


«چىن» ۋە «ماچىن» نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە .........

.......................... غالىپ بارات ئەرك 53


## شىنجاڭدىكى كەسىپلەر


قەدىمكى خوتەننىڭ قىرمىچىلىق سەنئىتى ...... توختىنىياز تۇرسۇن 56


## جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى


3 § . غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مىلادىيە سۇلالىسىغا

ئولپان ئەۋەتىشى .......................... 58

# تەبرىكلەر

## «تەزكىرىچىلىك» نىڭ تەزكىرىسى

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» — بۇ «يىپىق» ژۇرنال 1 يۈتۈن 10 دىن 4 مۆلچەلنى ئۆتكۈزۈپ، «ئوچۇق» ژۇرنال بولۇپ يېتىشتى. ئۇنىڭ «يېشى» ئىككى قەرنەنى ئۆتكۈزدى يەنى 48 سانغا يەتتى. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ئۇنىڭ ھەر بىر سانىنى ۋاراقلىسىڭىز كۆز ئالدىڭىزدا ئاشكارە ۋە غايىب بىلىملەر دېڭىزىدىن سۈزۈپ ئېلىنغان «گۆھەر» لەر يالتىرايدۇ. بۇ «گۆھەر» لەر ئوقۇرمەنلەرنى مەنىۋى جەھەتتىن بېيىتىدۇ. چۈنكى، قانداقتۇ بىردىنلا كۆڭلىڭىز يورۇپ، گويا ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ كارتىنىلىرى ۋە يەر ئاستىدا غايىپ بولغان ئاغىنىلىرىڭىزنىڭ سىمالىرى يالت قىلىپ كۆرۈنگەندەك بولىدۇ.

«تەزكىرە» — بايان قىلىش، خاتىرىلەش، سۆزلەپ بېرىش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان «زىكىر» سۆزىدىن تۈرلەنگەن «خاتىرەنامە»، «ئەسلىمە» دېگەن ياسالما ئىسىمدۇر. «تەزكىرىچىلىك» بولسا تەزكىرە بىلەن شۇغۇللىنىش ياكى تەزكىرەشۇناسلىق دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ.

بۇ ژۇرنال ئۆزىنىڭ مەزمۇندارلىقى ۋە رەڭدارلىقى بىلەن، ئىسمى - جىسمىغا لايىق ژۇرنال بولدى. چۈنكى بۇ ژۇرنال تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان، يەر - جاي تەزكىرىسى، ئەل - كۈن تەزكىرىسى، ۋاقىئە ھادىسىلەر تەزكىرىسى ۋە بۇلارغا باغلىق ئىلمىي - ئىجتىمائىي مەسىلىلەر يورۇتۇلغان نۇرغۇن تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا ۋە تەقرىزىگە سۇندى. ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنى ئەل - كۈن ۋە يەر - ماكانىنىڭ ئۆتمۈشىگە دائىر دەلىل - ۋەسىقىلەر ھەم شاھىدلارنىڭ ئىسپاتلىرى بىلەن تەمىنلىدى. بىرەر ئەل - ئۇلۇس ياكى بىرەر يەر - ماكانىنىڭ ئۆتمۈشىنى تەھقىقلەپ چىقىش ئىلىم - پەننىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە ئىش. ژۇرنال خادىملىرى شەرت - شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە قارىماي ئىزدىنىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىگە يۈزلىنىپ، غەيرەت - سۈبات بىلەن زېرىكمەي ئىشلىگەنلىكى ۋە پاراسەت - ئىجتىھات بىلەن تېرىكمەي تەشكىللىگەنلىكى ئۈچۈن، ژۇرنال ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولدى.

بىر ئالىمنىڭ «تۇرمۇشنىڭ ساپالىق بولۇشى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدىن تېخىمۇ مۇھىم» دېگىنىدەك، ژۇرنالنىڭ ئالقىشقا ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ ساپالىق بولۇشىغا باغلىق. دەرۋەقە، «ھەممە بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنى بويىچە «ھەر كىم ئۆزى بىلگەن پەدىگە چالىدۇ» دېگەن ماقالنىڭ مەزمۇنىچە، ژۇرنال خىلمۇ خىل پىكىر ۋە قاراشلارنىڭ بايان قىلىنىشىغا ۋاستىچىلىك قىلدى. لېكىن ژۇرنال چىقىرىش پرىنسىپىغا ئاساسەن ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولۇشى تەبىئىي. شۇڭا بۇ ژۇرنالنى قەلەمكەشلەرنىڭ ئۆز مەزمۇنىغا ئالاقىدار كۆڭۈللۈك سورۇنى دېيىشكە مۇناسىپ.

ئەل - كۈننىڭ روناق ياكى زاۋال تېپىشى ئىلىم - پەن ساھىبلىرى بولۇپمۇ ئەل سۆيەر قابىلىيەت ئىگىلىرىنىڭ كۆپ ياكى يوق بولۇشىغا باغلىق. ژۇرنال قابىلىيەت ئىگىلىرىنى ئۆز ئېلىگە تونۇشتۇرىدىغان بىر ۋاستىچى. بۇ ژۇرنالنىڭ كەڭ - كۇشادە تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىقى ھەقىقىي تەزكىرىچى قەلەمكەشلەرنى بەك خۇش قىلدى. مەن ئەنە شۇ قەلەمكەشلەر نامىدىن قۇتلايمەن ۋە ژۇرنالنىڭ ئەل - كۈن ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىشىنى قوللايمەن.

**ئىمىن تۇرسۇن**
(«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ مەسلىھەتچىسى)

※ ※ ※ ※ ※ ※

بىر مەھەل ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ ئاشكارە - تارقىتىلغاندىن كېيىن تېخىمۇ كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئوقۇشلۇقىغا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**نۇرمۇھەممەت دۆلەتى**
(«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ مەسلىھەتچىسى، سابىق باش مۇھەررىرى)

# قۇمۇل تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا

يۈسۈپ يۈنۈس

(قۇمۇل شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

تارىخ — ئەينەك، ئۇ ئارقىلىق ئۆتمۈشنى بىلگىلى، كەلگۈسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇڭا دۆلىتىمىز يىراق قەدىمكى خۇاڭدى زامانىسىدىن باشلاپلا سالنامىچى تەسىس قىلىپ، مەمۇرىي ئىشلارنى خاتىرىلەپ ماڭغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، مۇكەممەل مەمۇرىي ئىشلار كىتابى بارلىققا كەلگەن. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تارىخ - تەزكىرە يېزىش كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئىش دەپ قارالغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە بۇلار توپلام قىلىنىپ دۆلەت كىتابى — «24 تارىخ» قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەزكىرە تۈزۈشنىڭ قائىدە - نىزامىمۇ بارلىققا كەلدى. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شىنجاڭدا تەزكىرە كىتابىرى كېچىكىپرەك مەيدانغا كەلدى ھەم ئۇنىڭ ئۈستىگە پارچە - پۇرات بولۇپ، سىستېمىلىق ئەمەس ئىدى. ئەمما قۇمۇل تارىخىدا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جاڭ داچىڭ يازغان «شاجۇ، ئۇيغۇر غول ئايماقلىرىنىڭ تەزكىرىسى»، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ما ۋېنشېڭ يازغان «قۇمۇل پادىشاھلىقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى»، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خېنىڭ يازغان «ئۈچ ئايماقنىڭ قىسقىچە مەجمۇئەسى»، چۇڭ فاڭ يازغان «قۇمۇل تەزكىرىسى»، ليۇ رۇنتۇڭ يازغان «قۇمۇلغا بىۋاسىتە قاراشلىق يۇرتلار تەزكىرىسى»، گاۋ يۈنەن، سۇن گۇاڭزۇ يازغان «بارىكۆل مەھكىمىسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى» قاتارلىقلار ۋە جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدىكى قۇمۇل، بارىكۆللەر تەزكىرىسىنىڭ قول يازمىلىرى قاتارلىق تەزكىرە كىتابلىرى بار بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى مەزگىلدە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ جايلارغا تارىخىي ئارخىپلارنى توپلاش، رېئال ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش توغرىسىدا بىرقاتار يوليورۇقلارنى بېرىپ كەلدى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى تارماقلىرىنى تەسىس قىلدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن كېيىن جايلاردا ئىنقىلابىي ئەسلىمىلەر، كەنت تارىخى، كوممۇنا تارىخى، زاۋۇت تارىخى، ئائىلە تارىخى قاتارلىق كىتابلارنى يېزىش بىرمەزگىل تازا ئەۋج ئالدى. دەل مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى 60 - يىللارنىڭ بېشىدا مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى تەشكىللەپ نۇرغۇن تارىخىي ئارخىپلار ۋە تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆرۈش، ئەھۋاللارنى بىلىدىغان خادىملارنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق «قۇمۇل تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ قىسقارتىلمىسى»



قاتارلىق يەرلىك تارىخىي ماتېرىياللار ۋە شەخسلەرنىڭ مەخسۇس تەزكىرىسى قاتارلىق جەمئىي 4 چوڭ تۈر، ئون نەچچە خىل بويىچە مىليون خەتلىك ماتېرىيالنى يېزىپ چىقىپ، ئارخىپتا ساقلىدى. بۇلار 80 - يىللاردا تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى مول، تەپسىلىي ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەملىكەت بويىچە تەزكىرە تۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى ۋە «يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈشنىڭ ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى نىزامنامىگە ئىگە قىلدى. بۇ روھنىڭ تۈرتكىسىدە، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە، شەھەرلىرىنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە ئازكەم 20 يىل تىرىشىش ئارقىلىق كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ۋە 58 كەسىپلەر تەزكىرىسى يەنى «قۇمۇل ۋىلايىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى»، «قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى تەزكىرىسى»، «قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى قاتناش تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى ئورمانچىلىق تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى چارۋىچىلىق تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى ھايۋانات كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى سودا تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى تەپتىش تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى رېۋىزىيە تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى سوت تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى مالىيە تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى رادىئو - تېلېۋىزىيە تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى ئاشلىق تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى مىللەت، دىن تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى ئۇنىۋېرسال ئىقتىساد تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى تەزكىرىسى» قاتارلىق تەزكىرە كىتابلىرى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىپ ياخشى باھاغا ئېرىشتى. بۇلاردىن باشقا «باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى»، «قۇمۇل شەھىرى (ناھىيىسى) يەر ناملىرى تەزكىرىسى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەشكىلات تارىخى ماتېرىياللىرى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇمۇل شەھىرى (ناھىيە) تەشكىلات تارىخى ماتېرىياللىرى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەشكىلات تارىخى ماتېرىياللىرى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تەشكىلات تارىخى ماتېرىياللىرى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەشكىلات تارىخى ماتېرىياللىرى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى تارىخىغا دائىر چوڭ ئىشلار»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇمۇل شەھىرى (ناھىيىسى) دىكى تارىخىغا دائىر چوڭ ئىشلار» ۋە «قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى تارىخىغا دائىر چوڭ ئىشلار»، «لىن زېشۈ قۇمۇلدا»، «شىنجاڭ قازاقلىرىنىڭ كۆچۈش تارىخى»، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرى قۇمۇلدا»، «جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ سول تارماق ئەترىتى قۇمۇلدا»، «ماۋزېمىن ۋە قۇمۇل مالىيىسى»، «غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ روھى»، «28 - سېنتەبىر ئالتۇن بۇلاش ۋەقەسى»، «شىنجاڭدا باندىت تازىلاش»، «يولۋاسنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئاراتۈرۈكنى قوغداش جېڭى»، «باركۆل قازاقلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى»، «باركۆل قازاق

ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، «سۆيۈملۈك يۇرت ـ قۇمۇل»، «تەڭرىتاغدىكى تۈنجى شەھەر ـ قۇمۇل»، «ئەڭ گۈزەل جاي يەنىلا بىزنىڭ شىنجاڭ. قۇمۇل شەھىرى تۈمى» قاتارلىق زور بىر تۈركۈم يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە تارىخىي كىتابلار تۈزۈپ چىقىلدى ھەمدە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى» مەملىكەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاشتا 1 ـ دەرىجىلىك ۋە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى، «سۆيۈملۈك يۇرت ـ قۇمۇل» دېگەن كىتابلار ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جىڭ چېڭجيا، بارىكۆل ناھىيىلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ جيەنگو، قۇمۇل شەھەرلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس ۋە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

يۇقىرىقى نەتىجىلەر ئەلۋەتتە ئاسانلىقچە قولغا كەلمىدى. قۇمۇل ۋىلايىتى كىچىك ۋىلايەت، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى بارىكۆل ۋە ئاراتۇرۇكتىن ئىبارەت ئىككى ناھىيە مەملىكەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك زېھنى كۈچىنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە قارىتىۋاتقان مەزگىلدىمۇ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە يەنىلا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ قوللىشى ئاستىدا ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) ۋە ئۇلارغا بىۋاستە قاراشلىق ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ تارىخ ـ تەزكىرە تۈزۈش تارماقلىرى ۋە ۋاقىتلىق ئاپپاراتلىرىدىن 50 نەچچىسى تەسىس قىلىندى ۋە مەلۇم يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا ئىگە 200 دىن كۆپرەك خادىم بۇ خىزمەتكە ئاجرىتىلدى. بۇ ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ۋە كەسىپلەر تەزكىرىلىرىنى تۈزۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. تەزكىرىچىلىك ئاساسىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىشتىن تارتىپ ھەرخىل مۇھاكىمە يىغىنى، تەزكىرە كوپىيىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش يىغىنلىرىنى تەشكىللەشكىچە، خىراجەت قىس بولغان، بولۇپمۇ نامرات ناھىيىلەرنىڭ خىراجىتى خېلى قىس بولغان ئەھۋالدىمۇ ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، باشقا چىقىملارنى قىسقارتىپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ جەرياندا ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى نۇرغۇن تەڭشەش ئىشلىرىنى ئىشلىدى ۋە بەزى رەھبەرلەر كۆپ قېتىم تەڭشەلدى. رەھبەرلىك كۆپ ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، تەزكىرىچىلىك خىزمىتى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە قويۇلۇپ، ئۇنىڭغا ۋاقتىدا يېتەكچىلىك قىلىنىپ، تەزكىرىچىلىك خىزمىتى ئاپپاراتى، خادىملار ۋە خىراجەتنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى. خېلى كۆپ ساندىكى رەھبەرلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن باش مۇھەررىرلىكنى ئۈستىگە ئالدى. بەزى رەھبەرلەر شەخسەن ئۆزلىرى كىرىش سۆز يېزىپ بەردى ۋە تەزكىرە كوپىيىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى. بۇنىڭ بىلەن تەزكىرىچىلىك خىزمىتى نورمال تەرەققىي قىلدى ۋە ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر دەرىجىلىك تەزكىرىچى خادىملارنىڭ ھەممىسى ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىپ، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇندىدى. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» ۋە «بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزگۈچى خادىملار قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخانىلارغا بېرىپ نەچچە مىڭلىغان ئارخىپنى كۆرۈپ چىقتى. يەنە لەنجۇ، شىئەن، كۆكخوت، نەنجىڭ، بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى كۈتۈپخانا، ئارخىپخانا، مۇزېيلارغا بېرىپ، 10 مىليون خەتلىك ماتېرىيال توپلاپ تەزكىرە كىتابىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى تۈزۈپ چىقتى، ماتېرىيالدىن تارتىپ قۇرۇلمىغىچە، ھەتتا تىل ـ يېزىق، تىنىش بەلگىلىرىگىچە باھالاپ، ئورىگىنالنى 5 قېتىم تۈزىتىپ ئاندىن نەشرگە بەردى. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» 750 مىڭ خەتلىك، «بارىكۆل ناھىيىسى تەزكىرىسى» 1 مىليون 200 مىڭ خەتلىك تەزكىرىلەردۇر.

«ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى يېزىلىپ چىققاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى ئىككى ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى خادىملارنى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە بېرىپ باھالاشقا ئۇيۇشتۇردى. 2 - ئورىگىنالى يېزىپ چىقىلغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايوننىڭ پىكرىنى ئېلىشقا ئەۋەتىلدى. 3 - ئورىگىنالى چىققاندىن كېيىن ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى كەسىپلەر تەزكىرىسى مۇھەررىرلىرىنى يىغىپ باھالاش يىغىنى ئاچتى ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تەزكىرىسىنى تۈزگۈچى خادىملارنى سانجى، شىخەنزە، ئۈرۈمچى ناھىيىسى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا ئەۋەتتى. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئاندىن بۇ تەزكىرىنى ياخشىلاپ مۇكەممەللەشتۈردى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈش جەريانىدا، خېلى كۆپ ساندىكى تەھرىرلەر بىرەر ۋەقە، بىرەر سان - سېپىر ئۈستىدە قايتا - قايتا بىرنەچچە قېتىم دەلىللەش ئېلىپ بېرىپ ئاندىن ئەمەلىيلەشتۈردى. خېلى كۆپ ساندىكى تەھرىرلەر ھېيت - بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىنى قۇربان قىلىپ، ئۇزۇن مەزگىل سىمېنا قوشۇپ ئىشلىدى. بەزى تەھرىرلەر كېسەل بولسىمۇ، كاماندىروپكىغا چىقتى ۋە يېزىش ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ھەددىدىن ئارتۇق چارچاپ كەتكەنلىكتىن ھۇشىدىن كېتىپ، دوختۇرخانىدا يېتىپمۇ قالدى. ئۇلار مۇشۇنداق ئىشلىگەنلىكتىن مول نەتىجىلەر قولغا كەلدى.

بىز مەسىلىگە بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە قارىغىنىمىزدا، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە ساقلانغان يېتەرسىزلىكلەرمۇ ئاز ئەمەس، مۇھىملىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت. بىرىنچى، تەجرىبە كەمچىل، ئايرىم تەزكىرە كىتابلىرى بولۇپمۇ كەسپىي تەزكىرە كىتابلىرىدا پەقەت شۇ كەسىپنىڭ مەزمۇنىلا يېزىلىپ، شۇ كەسىپنىڭ باشقا كەسىپلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دائىر مەزمۇنلارنى يېزىشقا سەل قارالغان. بۇنىڭ بىلەن بەزى كەسىپلەر تەزكىرىلىرىنىڭ باب - پاراگرافلىرى ئاددىي، مەزمۇنى كەمتۈك بولۇپ قالغان، خېلى مۇھىم مەزمۇنلار چۈشۈپ قالغان. ئىككىنچى، خېلى كۆپ كەسىپلەر تەزكىرىلىرىنىڭ ئورىگىنالى خىراجەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراش، رەھبەرلىكنىڭ تونۇشىنىڭ بوشىشىپ قېلىشى سەۋەبىدىن ئورىگىنالى بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ بۈگۈنكى كۈنگىچە كۆپەيتىپ بېسىلمىدى. بەزى تەزكىرە كىتابلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىشلەش توختاپ قالدى ۋە تاشلىنىپ قالدى. ئۈچىنچى، تەزكىرە كىتابىنى پۈتكۈزۈشكىلا ئالدىراپ، سۈپەتكە سەل قارالغانلىقتىن، بەزى ماتېرىياللار يېتەرلىك دەرىجىدە توغرا بولماي قالغان. تەزكىرە كىتابلىرىدا بەزى مەزمۇنلاردىكى ۋەقەلەر ئۆزئارا زىت بولۇپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. مەسىلەن: ئالدىدا نەشر قىلىنغان ناھىيە تەزكىرىلىرىدىكى بەزى ۋەقە، شەخسلەر، ۋاقىت، ئورۇنلار كېيىن نەشر قىلىنغان چوڭ ئىشلار خاتىرىلىرىدىكى شۇ ۋەقەنىڭ كونكرېت جەريانى، شەخسلەر قاتارلىقلار بىلەن ئوخشاش بولماي قالغان. بۇنداق بولۇشى تەزكىرە تۈزگۈچى خادىملارنىڭ ئالمىشىشىدىن بولغان. تۆتىنچىدىن، بىر قىسىم يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مەخسۇس ئەسەرلەر (كىتابلار) بىلەن تارىخ - تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈشتە ئۆزئارا كۆچۈرۈپ ئېلىنغانلىقتىن، بەزى مەزمۇنلار تەكرارلىنىپ كەتكەن. بەشىنچىدىن، بەزى تەھرىرلەر ئۆزلىرىگە باشقىچە پىكىرلەرنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، شۇ جاي ياكى تارماق رەھبەرلىكىنىڭ خىزمىتىدىكى نەتىجىلىرىنى خېلى كونكرېت ۋە تەپسىلىي يازغان، سەۋەنلىكلىرىنى قىسقا يازغان، ھەتتا يازمىغان. بۇنىڭ بىلەن بەزى تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئەلنى ئىدارە قىلىش، خەلقنى تەربىيىلەش، تارىخنى ساقلاش رولىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتكەن.

ئېلىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىش ۋە تەرەققىيات مېخانىزمىنى داۋاملىق ياخشىلاپ، تارىخىي تەجرىبىلەرنى تېخىمۇ توغرا ۋە

ۋاقىتتا يەكۈنلەش جەريانىدا تەزكىرە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىماقتا. شۇڭا تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايمەن: بىرىنچى، تەزكىرە تۈزۈش ئاپپاراتلىرىنى چوقۇم داۋاملىق ياخشىلاش كېرەك. يەنى تەھرىرلەرنى مۇقىملاشتۇرۇپ، مۇھەررىرلەرنى ئۆز ۋاقتىدا سەپلەپ، زۆرۈر بولغان خىراجەتلەرگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى چۈشكەندىلا، ئاندىن خادىملارنى ئالدىراپ يۆتكەپ كېلىش، باسقۇچلۇق ۋەزىپە ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن خادىملارنى تارقىتىۋېتىشتەك ھادىسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. تەزكىرە تۈزۈش ۋاقتىدا ھەددىدىن ئارتۇق ئالدىراش، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئىش قىلمايدىغان ھالەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. چوڭ ئىشلار، مۇھىم شەخسلەرنىڭ ئىش ئىزلىرى، مەركىزىي خىزمەت، يېڭى شەيئىلەر، ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى داۋاملىق خاتىرىلەپ مېڭىپ، كېيىنكى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە 1 - قول ماتېرىيالنى توپلاپ مېڭىش لازىم. بۇنداق قىلغاندا تەزكىرە يازغان ۋاقىتتا ئارخىپ ۋە ماتېرىياللارنى كۆرۈشتىن كېلىپ چىقىدىغان قىيىنچىلىقلارنى ئازايتقىلى ۋە ۋاقىت جەھەتتە ئۇتقىلى ھەم ئالدىراپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بىرقەدەر ئۇزۇن مەزگىللىك، ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان پىلاننى تۈزۈپ چىقىپ، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشنىڭ تەپسىلاتى، مەزمۇنى، دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، نەشر قىلىنىپ بولغان تەزكىرە كىتابلىرىدا چۈشۈپ قالغان مەزمۇنلارنى كېيىنكى تەزكىرە كىتابلىرىدا تولۇقلاشقا دائىر چارە - تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، كېيىنكى تەزكىرە كىتابلىرىنى يېزىش خىزمىتىنى پىلانلىق، مەقسەتلىك ئېلىپ بېرىش لازىم. تۆتىنچىدىن، تەھرىرلەر سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي ئىقتىدارىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، يەنە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى، تەزكىرە تۈزۈشكە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشى، قېرىنداش تارماقلارنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش لازىم، يەنە ئېلىمىزنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىلىملەرنى، تارىخىي كىتابلارنى ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ كۆزىتىش، ئانالىز قىلىش، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىمىز، يېزىش ماھارىتىمىز ۋە يېزىق - ئىملا سەۋىيىمىزنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەزكىرە كىتابى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەرقايسى كەسپلەرنى ئۆگىنىپ، كەسپىي خىزمەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋېلىشىمىز بولۇپمۇ قاراتمىلىقى بولغان ھالدا خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىپىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەزكىرىچىلىك ۋەزىپىلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم. بەشىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى ۋە نۇقتىلىق خىزمىتىگە زىچ ماسلىشىش لازىم. تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى پائال ئورۇندىغاندىن سىرت يەنە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش خىزمىتى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ماتېرىياللىرىنى تەھرىرلەش خىزمىتى قاتارلىقلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئورۇنداپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز جايىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

قۇمۇلنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ كۆپ قېتىم ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇندىن كېيىن بۇ خىل ئېسىل ئەنئەنىنى داۋاملىق ساقلاپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ قۇمۇلنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى پۈتۈن شىنجاڭدىكى قېرىنداش ئورۇنلارنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە بىر قىممەتلىك ئابىدە قىلىپ تىكلەپ چىقىشقا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىرىشىمىز.

تەھرىرلىگۈچى: غ. ھ. نىيازى

# تۆھپە ـ ئەجىرنىڭ مەھسۇلى

— تەزكىرىچى تاھىر تاشبايوف توغرىسىدا

مەدەنىيەت مۇقاتاي

1994 ـ يىلى مەن چۆچەك شەھىرىدە تەزكىرىچىلىك خىزمىتى بىلەن ئۇن ـ تىنسىز شۇغۇللىنىۋاتقان تاھىر تاشبايوف بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم.

تارىختا شىنجاڭدىن چىققان مەشھۇر ئالىم ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى — ئۇلارنىڭ كۆپ تىللىق خۇسۇسىيىتىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ تىلدا سۆزلىشەلەيتتى ۋە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنالايتتى. شىنجاڭ ھازىرقى زامان مەتبۇئات ئىشلىرىنىڭ مەھسۇلى — چۆچەكتە 1925 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «بىزنىڭ تاۋۇش» (ھەپتىلىك) گېزىتىمۇ ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار، قىرغىز تىللىرىدا يەنى ئاپتور قايسى تىلدا يازسا، شۇ تىلدا بېسىلاتتى. تاھىر تاشبايوفمۇ ئۆزىدە كۆپ تىللىق خۇسۇسىيەتنى ھازىرلىغان قابىلىيەتلىك تەزكىرىچى.

تاھىر تاشبايوف 1952 ـ يىلى كۈزدە دۆربىلجىن ناھىيىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، 1969 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ 1972 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە شۇ ناھىيىدىكى قىزىلتۇ گۇڭشېسىدا قايتا تەربىيە ئالغان. 1971 ـ يىل 3 ـ ئايدا شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن ھەم قىزىلتۇ گۇڭشې تورگۇن چوڭ ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1972 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن، 1975 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئوقۇشنى تاماملاپ، دۆربىلجىن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ زىيالىي ياشلار ئىشخانىسىغا مەسئۇل بولغان. 1980ـ يىلى 4 ـ ئايدا تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئالماشتان. شۇنىڭ بىلەن تاھىر تاشبايوف ئازادلىقتىن كېيىنكى بىر ئەۋلاد جۇڭگو زىيالىيلىرى بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزىنىڭ يېڭى ھاياتىنى باشلايدۇ. 1981 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە بىلىم ئاشۇرۇپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ كۆپ تىللىق ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئۇيغۇرچە دەرسلىك يوق ئەھۋالدا ماركسىزىملىق پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد، جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخى، تەرجىمە ئىلمى ۋە ئەخلاق دەرسى قاتارلىقلارنى ئۆزى تەرجىمە قىلىپ، دەرسلىك تۈزۈپ ئۆتىدۇ. قازاقچە دەرسلىكلەرنىمۇ تۈزىدۇ. ئۇ، بۇ جەرياندا قوشۇمچە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئىككى قېتىم ئىلغار پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالىنىدۇ. تاھىر تاشبايوفنىڭ ھەر تەرەپلىمە قابىلىيىتى ۋە كۆپ تىللىق ئالاھىدىلىكىنى بايقىغان تەشكىل 1985 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇنى يېڭىدىن قۇرۇلغان تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلەيدۇ. ئۇ، شۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە مۇشۇ ئىشخانىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقى ۋە مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە. بۇ جەرياندا ئۇ 3 قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، 3 قېتىم مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى. 1997 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ

باھالىنىپ تەقدىرلەندى.

— تاھىر ئىرىك كىتاب، بىلىمەيدىغىنى ئاز، كەسپكە پۇختا، خىزمەتتە ئەستايىدىل، - دەيدۇ كەسپداشلىرى. تاھىر تاشبايوفنىڭ بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، تونۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئاككۆڭۈل ۋە مىجەزىدىكى ئوچۇق - يورۇقلۇق مېنىمۇ قاتتىق تەسىرلەندۇردى.

تۈنۈگۈن — بۈگۈن ئۈچۈن، بۈگۈن — ئەتە ئۈچۈن تارىخ. ئالدىنقى تارىخلاردىن سۆز ئاچمىساقمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇيانقى يېرىم ئەسىرمۇ ھازىر ئۇنتۇلماس تەزكىرىگە ئايلاندى.

تاھىر تاشبايوف 1985 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىغا ئالمىشىپ كەلگەندە، ئۇنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارباغاتايدىكى تارىخىي ئارخىپىنى رەتلەش قاتارلىق جاپالىق ھەم شەرەپلىك خىزمەت كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئەزەلدىن ئىرىشچان تاھىر تاشبايوف بۇ ئىشقا تېزلا كىرىشىپ كەتتى. ئىلگىرى - ئاخىر 3 قېتىم تۈتۈش قىلىنغان بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن داۋاملاشماي قالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئارخىپىنى يىغىش، رەتلەش، رەتكە تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى ئۆزى قول تىقىپ ئىشلەپ، 3500 جىلد ماتېرىيال (14 مىڭ 535 بەت) يىغدى. ئۇزاق يىل كۆڭۈل بۆلۈنمەي چاشقانلارنىڭ «ساياھەت باغچىسى»غا ئايلىنىپ، چاڭ - توزان باسقان ئارخىپلارنى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاختۇرۇش، رەتلەش، تۈرگە ئايرىش ئوڭايغا چۈشمىدى. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە قوشۇمچە «تارباغاتايدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار»نى رەتلەپ يېزىشقا مەسئۇل بولدى. بۇ ماقالە خەنزۇ تىلىدا كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇرۇن قەغەز كەمچىل بولۇش سەۋەبىدىن ئارخىپلارنىڭ ئىچىنى قاپلىغان «خەلق ئاۋازى» گېزىتى (1945 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە ئورتاق تىلدا چىققان گېزىت)نى سوغا سېلىپ يىلىمدىن ئاجرىتىپ، رەتلەپ تەتقىقاتچىلارنى «خەلق ئاۋازى» گېزىتى بىلەن تەمىنلىدى.

ئۇ 1990 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شەھەرلەردىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىشقا ئەۋەتىلگەن 4 كىشى قاتارىدا شىئەن، بېيجىڭ، لەنجۇ، چۇڭچىڭ، چېڭداۋ، نەنجىڭ . . . قاتارلىق شەھەرلەردە ئارخىپلاردىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا، تارباغاتاي تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مول ماتېرىيال يىغىپ نەتىجىلىك قايتتى. بۇنىڭدىن سىرت، ئالتاي، كۈيتۈڭ، غۇلجا، ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەرنى ئارىلاپ، بۇرۇن تارباغاتايدا تۇرغان، خىزمەت ئۆتىگەن، ھەربىي سەپتىن قايتقان، ھوقۇق تۇتقان پېشقەدەم كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ۋە تارباغاتاي تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى يىغدى. جاپالىق ئىزدىنىش نەتىجىسىدە 4 - 5 يىل ئىچىدىلا «تارباغاتايدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار»، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ماتېرىياللىرى» قاتارلىق مۇھىم ماقالىلەرنى قازاق، ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا ئېلان قىلىپ خەلقنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. تاھىر تاشبايوف شۇ ئالدىراشچىلىق ئىچىدىمۇ ئۆزى قىزىققان نۇقتىلارنى ۋاقىت چىقىرىپ يېزىشنى، تەتقىق قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. مەسىلەن، «سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىندى، خەنزۇچە «تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىگىلىكىگە دائىر ماقالىلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلدى.

تاھىر تاشبايوف تارباغاتايدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھاياتى، ئىش - ئىزلىرى توغرىلىق ھارماي ئىزدەندى. ئالايلۇق، «تاۋارىخ خەمسەئى شەرقى» نىڭ ئاپتورى قوربان ئەلى خالىدىنىڭ تەرجىمىھالى، ئەسەرلىرى بىلەن گۈلەندەم مەكتىپىنىڭ تارىخىنى «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» (ئۇيغۇرچە) دە، «تارباغاتاي تەزكىرىسى» (قازاقچە) دە تونۇشتۇردى. «ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ چۆچەكتىكى قىسمەن پائالىيەتلىرى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ غەمگۈزارى — ئەخمەتجان قاسىمى»، «ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تارباغاتاي ۋالىيلىرىغا يازغان

خېتى» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. يەنە باشباي، مۇرات رەمزى . . . قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى (بۇلار 3 خىل يېزىقتا ئېلان قىلىندى). دۇۋبېك شالغىنبايېفنىڭ ئۆمۈر تارىخىنى خەنزۇچە تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. تاھىر تاشبايوف تارباغاتايدىكى چوڭ ۋەقەلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ «تارباغاتاينىڭ قىسقىچە ئەھۋالى»، «تارباغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى»، «تارباغاتاينىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى مەتبۇئات ئىشلىرى توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، خەنزۇچە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدى، بىر ماقالىسى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك ئىلمىي ماقالە بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. «تارباغاتاي مائارىپىنىڭ 40 يىلى»نى ئۇيغۇرچە، قازاقچە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدى.

ئۇ يۇقىرىقىدەك يېزىش، ئىزدىنىش ئارقىلىق خەلقنىڭ ھەقىقىي تارىختا بولغان چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئەجدادلار ئىزىدىن ئۆچمەس سەھىپىلەرنى قالدۇردى. «تارباغاتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 1 مىليون 580 مىڭ خەت)، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارباغاتايدىكى تارىخىي ماتېرىياللىرى»، «تارباغاتاي تارىخ - تەزكىرە خەۋەرلىرى»، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار»، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يەر ئاستى ھەرىكىتى ۋە قوراللىق كۆرەش» . . . قاتارلىق ماقالىلەرنى ئۆزى بىۋاسىتە تەھرىرلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن «جۇڭگودىكى تۈركىستان سىياسىتى»، «ئالاش پارتىيىسى ۋە ئالاشلار» قاتارلىق ماقالىلەرنى تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. دۇۋبېك شالغىنبايېفنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە يازغان «ئىنقىلاب، مىللىي مەدەنىيەت ۋە مائارىپ مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ مەقسەتلىرى» سەرلەۋھىلىك زور ھەجىملىك سىياسىي ماقالىسىنى ئۇيغۇرتىلىدىن قازاق تىلىغا تەرجىمە قىلدى (1990 - يىلى «ئالقاپ» نىڭ 10 - ساندا ئېلان قىلىندى). تاھىر تاشبايوف ھازىر «تارباغاتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى»نىڭ قازاقچىسىنى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىگە تەشكىللاتچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرىچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق تاتار مەدەنىيىتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، چۆچەك شەھەرلىك تاتار مەدەنىيىتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

مەن تاھىر تاشبايوف بىلەن ئۇچراشقاندا: — ئەمدىكى پىلانىڭىز قانداق؟ - دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ:

— چۆچەكتىكى مەھمۇت قەشقەرى نامىدىكى مەكتەپنىڭ ئىز - دېرىكى، تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىمەن. ئاخىرلاشمىغان يەنە بىر تەتقىقاتىم — ئېمىل بويىدىكى ئىككى قەدىمكى شەھەر-دېدى. ھەر قانداق نەتىجە، تۆھپە ۋە شان - شەرەپ - ئىزچىل تۇردە ئۆگىنىشىنىڭ، توختاۋسىز ئىزدىنىشىنىڭ، ھارماي - تالماي، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ تەر - ئەجىر سىڭدۈرۈشىنىڭ مەھسۇلىكەن-دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلاپ. مەن: مانا مۇشۇنداق تەتقىقاتچىلارنىڭ سېپى كۆپىيىپ، مىللىي روھنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلقنى دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە يۈكسىلىشكە ئىلھاملاندۇرسا، قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! - دەپ ئويلىدىم.

تەھرىرلىگۈچى: غ. ھ. نىيازى

# هۇنلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىگە نەزەر

مەخمۇت نىزامى

مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بىر بىرىدىن ئۆگىنىش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئالاقىدە تەبىئىي ھالدا ئالاقە قىلغان ئىككى تەرەپنىڭ تىلى بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇنداق ئۇچرىشىش جەريانىدا تىللاردا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. بۇ ماقالەمدە ھازىرقى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال توغرىسىدا ئەمەس، پەقەت قەدىمكى زاماندىكى تىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىرى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولغان خەنزۇ تىلىغا باشقا مىللەتلەر يەنى قەدىمدە خەنزۇلار. بىلەن يېقىن قوشنا بولغان ۋە ئۆزئارا ئالاقىدە بولغان بىر قىسىم مىللەتلەر تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمەن.

قەدىمدە خەنزۇلار بىلەن قوشنا مىللەتلەر ۋە ئارىلىشىپ ياشىغان مىللەتلەر ئۆزئارا قويۇق ئالاقە قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ تىللىرى ئۆزئارا بىر بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئالاقە جەريانىدا تىللارنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى تەبىئىي ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە تەسىرى ئوخشاش دەرىجىدە بولمايدۇ، بىزدە تىل تەتقىقاتىدا بۇرۇن جۇڭگودىكى ئاساسىي ۋە چوڭ مىللەت بولغان خەنزۇ مىللىتى تىلىنىڭ باشقا مىللەتلەر تىلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا كۆپرەك تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، بۇ جەھەتتە خېلى كۆپ نەرسىلەر ئېلان قىلىندى. بۇنداق بولۇشى تەبىئىي، چۈنكى قەدىمدە خەنزۇ تىلىنىڭ قوشنا مىللەتلەر ۋە ئارىلىشىپ ياشىغان مىللەتلەرنىڭ تىلىغا بولغان تەسىرى كۈچلۈك ۋە گەۋدىلىك بولغانىدى. ئەمما تىل تەتقىقاتىدا باشقا مىللەتلەر تىلىنىڭ خەنزۇ تىلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا ئانچە سۆز بولمىدى. قەدىمدە قويۇق ئالاقە جەريانىدا، خەنزۇ تىلى باشقا تىللارغا تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىللە، باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلمۇ خەنزۇ تىلىغا مەلۇم دەرىجىدە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەنىدى. بىز بۇ تەسىرنى قەدىمكى خەنزۇچە ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە تارىخىي خاتىرىلەردىن كۆرۈۋالالايمىز. بىز بۇ ئەدەبىي ئەسەر ۋە تارىخىي خاتىرىلەرنى ئوقۇغاندا، باشقا مىللەتلەر تىلىدىن قوبۇل قىلىنىپ قوللىنىلغان خېلى كۆپ سۆز - ئىبارىنى ئۇچرىتىمىز. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ سۆز - ئىبارىلەرگە نەزەر ئاغدۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنى خەنزۇچە قەدىمكى يادىكارلىقلاردا ساقلىنىپ قالغان پالانچى مىللەتنىڭ سۆزلىرى دېيىش ۋە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى تاللاپ چىقىپ كۆرسىتىش بىلەنلا چەكلەندى، ئۇنىڭ مۇھىم تىل ھادىسىسى ئىكەنلىكىگە ئانچە نەزەر ئاغدۇرمىدى. تارىختا خەنزۇلار ئۆزى ئالاقە قىلغان يېقىن - يىراقتىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ تىلىدىن بىر قىسىم سۆزلەرنى قوبۇل قىلغان. بۇ سۆزلەر خەنزۇ تىلىغا سىڭىپ كىرىپ، خەنزۇ تىلى لۇغەت تەركىبىدىن ئورۇن ئالغان ۋە خېلى ئۇزۇن مەزگىل قوللىنىلغان. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ھازىر قوللىنىلمايدىغان بولسىمۇ، لېكىن بەزىلىرى تارىخ، مەدەنىيەت، ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتلىرىدا يەنىلا ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقىنى يوق.

هۇنلار قەدىمدە شىمالىي سەھرادا ياشىغان



بولۇپ، ئۇلار بۇ زېمىندا خېلى ئۇزاق مەزگىل پائالىيەت ئېلىپ بارغان، تارىخ سەھنىسىدە مۇھىم رول ئويناپ، ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

هۇنلار بۈگۈنكى كۈندە بىر ئېتنىك گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلار كېيىنكى چاغدا ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن ئاجىزلاپ پارچىلىنىپ كەتتى ۋە شۇ دەۋردە كۈچلىنىپ تارىخ سەھنىسىدە مۇھىم ئورۇنغا چىققان ئۆزىنىڭ يېقىن قېرىنداشلىرىغا سىڭىپ كەتتى، بىر قىسىملىرى باشقا مىللەتلەر ئىچىگە سىڭىپ كەتتى، يەنە بىر قىسىملىرى بولسا، غەربكە كۆچۈپ كېتىپ، ئۇ يەردە ياشايدىغان باشقا خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ، يېڭى ئېتنىك گەۋدىنى بەرپا قىلدى. هۇنلار شىمالىي سەھرادا ئۆزىنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، تارىخ سەھنىسىگە چىققاندىن كېيىن، ئەتراپىدىكى قەبىلە ۋە مىللەتلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا باشلىغان شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى هاكىمىيەت بىلەن ئالاقىدە بولغان. بۇ جەرياندا هۇن تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، بىر بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن. خەنزۇ تىلىنىڭ هۇن تىلىغا قانداق ۋە قانچىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى بىزگە مەلۇم ئەمەس. چۈنكى، هازىرغىچە يېتىپ كەلگەن هۇن تىلىدىكى مۇكەممەل يادىكارلىقلار ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا بۇ هەقتە بىر نەرسە دېيىش مۇمكىنچىلىكى يوق، ئەمما هۇن تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا قوبۇل قىلىنىپ، قەدىمكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە تارىخىي خاتىرىلەردە قوللىنىلغان بىر قىسىم سۆز ئىبارىلەر هازىرغىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ سۆز - ئىبارىلەر ئەينى زاماندا هۇن تىلىنىڭ خەنزۇ تىلىغا مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بىز قەدىمكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، تارىخىي خاتىرىلەر ۋە باشقا يادىكارلىقلارنى ئاختۇرساق، تۆۋەندىكىدەك بىرمۇنچە سۆزلەرنىڭ خەنزۇ تىلىغا قوبۇل قىلىنىپ، تىل ئەمەلىيىتىدە قوللىنىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

تۆۋەندە قەدىمدە هۇن تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا قوبۇل قىلىنىپ يازما يادىكارلىقلاردا قوللىنىلغان ۋە هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1. « 比赊 » (بىشى)، « 比疏 » (بىشۇ) بۇ هۇن ئاياللىرى چاچقا تاقايدىغان بېزەك ياكى تارغاق بولۇپ، ئالتۇندىن ياسىلاتتى. تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ سۆز هۇن تىلىدا «Piso» ① دېيىلىدىغان بولۇپ، خەنزۇ تىلىدا ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل ئېلىنغان. «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار تەزكىرىسى» دە خەن ۋېندىنىڭ هۇن تەڭرىقۇتىغا ئەۋەتكەن مەكتۇپى نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا، «بىر ياقىلىق ئۆزۈم كىيىدىغان تاۋار ئەستەرلىك دۇردۇن تون، بىر ياقىلىق تاۋار ئەستەرلىك كەمزۇل ۋە كىمخاپ يەكتەك، بىر دانە تارغاق (ياكى بۇلاپكا، 比赊 )، بىر زەررىن كەمەر، بىر ئالتۇن سېرىبى ( 黄金蛋比 ، ئالتۇن توقا)، ئون توپ دۇردۇن، 30 توپ كىمخاپ، 40 توپ قىزىل شايى، 40 توپ كۆك شايى قاتارلىق نەرسىلەرنى كېڭەش بېگى يى، جارچىبەگ جيەن ئارقىلىق تەڭرىقۇتقا ئەۋەتتۇق» دېيىلىدۇ②. دېمەك خەن ۋېندى ئۆز مەكتۇپىدا بۇ هۇن سۆزىنى ئىشلەتكەنىدى.

2. « 步落稽 » (بۇلوجى) بۇ هۇنلارنىڭ بىر تارمىقىنىڭ نامى بولۇپ، ئايرىمچە ياشىغان بىر قىسىم هۇنلار تارىخىي خاتىرىلەردە مۇشۇنداق ئاتالغان. «جۇنامە. جىخۇلار تەزكىرىسى» دە «جىخۇلار ( 稽胡 ) يەنە بۇلوجىلار ( 步落稽 ) دەپ ئاتىلىدۇ» ③ دېيىلىدۇ. بۇ باشقا تارىخ كىتابلىرىدىمۇ قەيت قىلىنىدۇ. دېمەك « 稽胡 » ئەسلى « 步落稽 » دېگەن نامنىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى ھېسابلىنىدۇ. « 胡 » سۆزى ئۇلارنىڭ هۇنلاردىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. جىخۇلار (بۇلوجىلار) نىڭ نامى دەسلەپتە «ۋېينامە. ئېرجۇرۇڭ تەزكىرىسى» دە ئۇچرايدۇ، لېكىن ئۇنىڭدا « 步落坚 » دەپ يېزىلغان. بۇ كىتابتا «بۇلوجيەن خۇلىرى ( 步落坚胡 ) دىن بولغان ليۇ ئارۇ قاتارلىقلار گۇا، سى دېگەن جايلاردا توپىلاڭ كۆتۈردى... ئۇلار ئېرجۇرۇڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ قوشۇۋېلىندى» ④ دېيىلىدۇ. دېمەك « 步落坚 » دېگەن سۆز ئەسلى « 步落稽 » نىڭ باشقىچە تەرجىمە

قىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقى خاتىرىدىن شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئايرىم ـ ئايرىم ياشىغان ئۇششاق ھۇن قەبىلىلىرىنىڭ ئورتاق نامى بولمىغان، ئۇلار تۇرىدىغان جايلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ليۇ ئارۇ ئۇلارنى بىرلەشتۈرگەن، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار «بۇلوجى» دەپ ئاتالغاندى. تەتقىقاتچىلار بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «بىر قىسىم ھۇنلار» دېگەن مەنىدىكى سۆز ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «بۆلەك» دېگەن سۆز بىلەن بىر سۆز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك بۇ سۆز ئەسلى «بۆلەك» ياكى «بۆلەكچە» دېگەن سۆز ئىدى. بۇ سۆز دەسلەپتە «ۋېينامە. ئىبرجۇرۇڭ تەزكىرىسى» دە « 步落坚 » دەپ يېزىلغان، «جۇنامە. جىخۇلار تەزكىرىسى» دە بولسا، « 步落稽 » دەپ يېزىلغان.

3. « 单于 » (چەنيۈ) ھۇنلار ھۆكۈمدارىنىڭ ھۆرمەت نامى. ھۇنلار ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانىنى مۇشۇنداق ئاتىغان. بۇ سۆز ھۇنلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانىنىڭ ئىسمى ياكى پادىشاھلىق نامىدىن كېيىن ئېيتىلىدۇ. «خەننامە» دە بۇ سۆزگە چۈشەنچە بېرىلىپ، « 单于 دېگەن سۆز ‹كەڭ› دېگەنلىك بولىدۇ» دېيىلىدۇ. « 单于 » ھۇنچە سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىش بىز ئۈچۈن مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە تەتقىقاتچىلار ئىزدەنگەن، بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ سۆز «Zenyu» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، دەيدۇ؛ بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ سۆزنى ھۇنگار تىلى (ۋېنگىر تىلى) دىكى «كەڭ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «Szel» دېگەن سۆزگە تەڭلەشتۈرىدۇ؛ بەزى تەتقىقاتچىلار بولسا، بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى تەلەپپۇزى «tanka, tanha» بولۇپ، بۇ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «تەركەن» (terken) دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ، دەيدۇ⑤. ھازىرچە بۇ سۆز توغرىسىدا تېخى بىرلىككە كەلگەن ۋە كىشىنى قايىل قىلارلىق قاراش ئوتتۇرىغا چىقمىدى. دېمەك بۇ سۆزنىڭ ئەسلى زادى قانداق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى تېخى ھەل بولمىدى.

4. « 撑梨孤涂单于 » (چىڭلى گۇتۇچەنيۈ) بۇمۇ ھۇنلار ھۆكۈمدارىنىڭ ھۆرمەت نامى. بۇ سۆز «خەننامە» نىڭ «ھۇنلار تەزكىرىسى» دېگەن جىلدىدا قوللىنىلغان. «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە بۇ سۆز ئىشلىتىلىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىلگەن. ئۇنىڭدا «چەنيۈ ‹ 单于 ›، لىۋەنتى ( 挛鞮 ) ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئۆز ئېلىدىكىلەر ئۇنى ‹ 撑梨孤涂单于 › دەپ ئاتايدۇ. ھۇنلار كۆك (ئاسمان) نى ‹ 撑梨 ›، ئوغۇلنى ‹ 孤涂 › دەيدۇ. ‹ 单于 › دېگەن سۆز ‹كەڭ› دېگەنلىك بولىدۇ، دېمەك بۇ ‹كۆكتەك (ئاسماندەك) چەنيۈ› ( 天单于 ) دېگەنلىك بولىدۇ» دېيىلىدۇ⑥. بۇنىڭدا ئاپتور سۆزلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم چۈشەنچە بېرىپ، ئاخىرىدا بىر پۈتۈن بىرىكمىنى «كۆكتەك چەنيۈ» دېگەن سۆز بولىدۇ دەپ خۇلاسىلەيدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە «ئوغۇل» دېگەن مەنىدىكى « 孤涂 » سۆزى چۈشۈپ قالغان. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە بولغاندا، بۇ بىرىكمىنىڭ مەنىسى «كۆكتەك (ياكى تەڭرىدەك) ئوغۇل كەڭ» بولۇشى كېرەك. « 单于 » نىڭ تەلەپپۇزى ۋە مەنىسى تېخى ھەل بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەرجىمە قىلىنمىغاندا، بۇ بىرىكمىنىڭ تەرجىمىسى «كۆكتەك (تەڭرىدەك) ئوغۇل چەنيۈ» بولۇشى كېرەك. بۇ بىرىكمىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى خىل تەرجىمىسىگە قارىغىنىمىزدا ئالدىنقىسىدىن بىر نەرسە ئۇققىلى بولمايدۇ، ئۇ باغلانغان ۋە مەنتىقىلىق بىر مەنە بەرمەيدۇ. گەرچە كېيىنكىسىدە سۆزلەر باغلانغان بولسىمۇ، ئىنچىكىلەپ پىكىر يۈرگۈزسەك، ئۇنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرىمىز. چۈنكى ھۆكۈمدارنىڭ ھۆرمەت نامى ئالدىغا «ئوغۇل» ياكى «قىز» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويۇش غەلىتە ئىش بولۇپ، بۇ ئەقىلغا سىغمايدۇ. ئەگەر بىز بۇ بىرىكمىنى «تەڭرى (كۆك) ئوغلى چەنيۈ» دەپ ئالساق، بىرىكمىدىكى سۆزلەر راۋان باغلانغان ۋە مۇئەييەن بىر مەنىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا «چەنيۈ» دېگەن سۆز ھۆكۈمدارنىڭ ئىسمى بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا قائىدىگە ئۇيغۇن بولىدۇ، لېكىن «چەنيۈ» سۆزى ھۆكۈمدارنىڭ ئىسمى بولماستىن، بەلكى

ھۆرمەت ئاتاق نامى، يەنى «پادىشاھ»، «خان» دېگەنگە ئوخشاش سۆز، شۇڭا «تەڭرى ئوغلى چەنيۇ» دەپ ئېلىشمۇ قاملاشمايدۇ. ئومۇمەن «خەننامە» ئاپتورىنىڭ بۇ بېرىكمىدىكى « 撑犁 » سۆزىنى «كۆك»، «ئاسمان» دەپ چۈشەندۈرۈشى توغرا بولغان، بۇ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «تەڭرى» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئىپادىلىنىشىدۇر، لېكىن ئاپتورنىڭ « 孤涂 » سۆزىنى «ئوغۇل» دەپ چۈشەندۈرۈشى توغرا بولمىغان. بۇنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان باشقا كونكرېتراق تارىخىي خاتىرە ۋە تىل پاكىتى يوق. تارىختا جۇ سۇلالىسى پادىشاھلىرى « 天子 » (تەڭرىنىڭ ئوغلى) دەپ ئاتالغان. ھۇن ئالىي ھۆكۈمدارلىرى بولسا، ئۆزلىرىنى « 天之娇子 » (تەڭرىنىڭ ئەركە ئوغلى) دەپ ئاتاشقان. ئاپتور مۇشۇ چۈشەنچە بويىچە « 撑犁 » دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «تەڭرى» ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەن. ئەمما « 孤涂 » نىڭ مەنىسىنى ئېنىق بىلمىگەن شارائىتتا، ھۇنلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارى بولغان ئىكەن، ئۇ جەزمەن ئادەت بويىچە «تەڭرىنىڭ ئوغلى» دەپ قاراپ « 孤涂 » دېگەن سۆزگە «ئوغۇل» دېگەن مەنە بەرگەن. « 单于 » دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە ئىكەنلىكىگە ھازىرچە بىرنەرسە دەپ بولمايدۇ. ھازىر تەتقىقاتچىلار بۇ بىرىكمىدىكى « 撑犁 » دېگەن سۆزنىڭ «تەڭرى» دېگەن سۆز، « 孤涂 » دېگەن سۆزنىڭ «قۇت» دېگەن سۆز ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىردەك تونۇشقا كەلدى. دېمەك بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ بىرىكمىنى «تەڭرىقۇت چەنيۇ» دەپ ئېلىشىمىزغا بولىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «تەڭرى قۇتلىغان چەنيۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمدىكى مۇھىم مەسىلە « 单于 » دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى قانداق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى ۋە مەنىسى نېمە ئىكەنلىكى ھەل بولسا، بۇ بىرىكمىنىڭ مەنىسى تولۇق ھەل بولىدۇ.

5. « 当户 » (داڭخۇ) ئەمەل نامى «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە، باتۇر تەڭرىقۇت «. . . ئوڭ، سول چوڭ 当户 ، ئەمىلى. . . تەسىس قىلغانىدى» دېيىلىدۇ⑦. تەتقىقاتچىلار « 当户 » قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «tanha» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بۇ تۈركىي تىلدىكى «تارقان» دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ، «تۈنيۇقۇق» مەڭگۈ تېشىدا بۇ ئەمەل نامى بار دەپ كۆرسىتىدۇ⑧.

6. « 嫡 » (دى) بۇ ئالاھىدە ياسالغان ئوقيا ئوقىنىڭ نامى. بۇ سۆز يەنە خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە « 鸣 » دېگەن سۆز بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ 鸣嫡 دەپ يېزىلىدۇ. بۇ «ۋىژىلداپ ئۇچىدىغان ئاۋازلىق ئوق» دېگەنلىك بولىدۇ. مەسىلەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە، «باتۇر ۋىژىلداپ ئۇچىدىغان ئاۋازلىق ئوق ‹ 鸣嫡 › ياسىتىپ، ئەسكەرلەرگە ئوقيا ئېتىش يوللىرىنى ئۆگەتتى» دېيىلىدۇ⑨. تەتقىقاتچىلار « 鸣嫡 » سۆزىنى ھۇنگار تىلىدىكى «ھۇشتەك، ئىسقىرت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «futty» دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ⑩. ئېھتىمالىم بۇ futty دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنىشى بولسا كېرەك.

7. « 童酪 » (دۇڭلاۋ) بۇ ھۇنلارنىڭ كۈندىلىك ئۇزۇقلىرىنىڭ بىرلىك نامى. بۇ سۆزنىڭ يېرىمى ھۇنچە، يېرىمى خەنزۇچە قىلىپ ئېلىنغان سۆز ئىكەنلىكى ئۆزلۈكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىكى 童 سۆزىلا ھۇنچە بولۇپ، ئاخىرىدىكى 酪 خەنزۇچە سۆز ھېسابلىنىدۇ. تەتقىقاتچىلار 童 دېگەن سۆزگە «tong»، «tson»، «zon» دەپ ترانسكرىپسىيە بېرىدۇ ۋە ھۇن تىلىدىكى «سۈت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز دەپ كۆرسىتىدۇ⑪. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇنى ھۇنگار تىلىدىكى سۈتنى بىلدۈرىدىغان «tej» دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ ⑫. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە «جۇڭخاڭيۆ تەڭرىقۇتقا نەسىھەت قىلىپ، «. . . خەن سۇلالىسىدىن ئالغان يېمەكلىكلەر تاشلىۋېتىلدى. دېمەك، بۇ نەرسىلەر ئۆزىمىزنىڭ ‹ 童酪 › (سۈت - ئىچىمچىكلىرىمىز) دەك لەززەتلىك ئەمەس، دەيدۇ» دېيىلىدۇ. يەن شىگۇ كىتابتا « 童 » غا ئىزاھ بېرىپ، بۇ «سۈت دېمەكتۇر» دەپ كۆرسىتىدۇ⑬. دېمەك « 童 » نىڭ سۈتنى بىلدۈرىدىغانلىقىدا گۇمان يوق.

8. «逗落» (دۇلو) بۇ سۆز قەبرىنى كۆرسىتىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار تەزكىرىسى» دە، «دەپنە ئىشلىرىدا ئىچ ـ تاش قوش تاۋۇت ياسىلىپ، ئىچىگە جەسەت بىلەن بىللە ئالتۇن ـ كۈمۈش، كىيىم ـ كېچەكلەر سېلىنىدۇ، قەبرە بېشىغا دەرەخ تىكمەيدۇ، قارىلىق كىيىم كىيمەيدۇ» دېيىلىدۇ. بۇ مەلۇماتقا كىتابتا «جاڭ خۇا، هۇنلار قەبرىنى ‹逗落›، دەپ ئاتايدۇ، دەيدۇ،» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن[14]. تەتقىقاتچىلار، بۇ سۆز قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «tulak» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى «تۇپراق بېشىغا چىقماق» دېگەن سۆزدىكى «تۇپراق» سۆزى بىلەن بىر سۆز دەپ كۆرسىتىدۇ[15].

9. «遏氏» (ئېجى) بۇ هۇن تىلىدىكى «ئالچى» (阏氏) دېگەن سۆزنىڭ باشقىچە يېزىلىشى بولۇپ، ۋاڭ جۇڭنىڭ «مىزان» ناملىق ئەسىرىدە مۇشۇنداق يېزىلغان[16]. «阏氏» گە قاراڭ.

10. «服匿» (فۇنى) بۇ ئىدىشنىڭ نامى بولۇپ، بىر خىل ئاغزى كىچىك، قورسىقى چوڭ هاراق قاچىسى ياكى يېمەكلىك قاچىسىنى كۆرسىتىدۇ. «خەننامە. سۇۋۇ تەرجىمىھالى» دا «ئۇشەن خان ئۇنى (سۇۋۇنى كۆرسىتىدۇ) ياقتۇرۇپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇنى كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. شۇ تەرىقە ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتىدۇ. ئۇشەن خان ئاغرىپ قالىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ سۇۋۇغا ئات، چارۋا مال، ‹服匿›، (شاراپ، قېتىق كوزىسى ياكى كومزىكى)، كىگىز ئۆي هەدىيە قىلىدۇ» دېيىلىدۇ[17]. يەن شىگۇ كىتابتا «服匿» دېگەن سۆزگە ئىزاھ بەرگەندە، مېڭ كاڭدىن نەقىل كەلتۇرۇپ، «服匿» كوزىغا ئوخشايدىغان ئاغزى كىچىك، قورسىقى چوڭ، تېگى تۈت چاسا ئىدىش بولۇپ شاراپ، قېتىق قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ[18]. تەتقىقاتچىلار، بۇ سۆز قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «baknak» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر ئۇنى «paktok» دەپ ترانسكرىپسىيىلەيدۇ. تەتقىقاتچىلار بۇ سۆزنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى توغرىسىدا توختالغاندا، بۇ ئەسلى تۈركىي تىللاردىكى «بالچىق» دېگەن سۆز بىلەن بىر سۆز بولسا كېرەك، هۇنلار لايدىن پىشۇرۇپ ياسىغان ئىدىشلارنى «بالچىق» دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك دەيدۇ[19].

11. «孤涂» (گۇتۇ) بۇ سۆز توغرىسىدا يۇقىرىدا توختالدۇق. بۇ ئەسلى «قۇت» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى هېسابلىنىدۇ.

12. «骨都» (گۇدۇ) ۋە «骨都侯» ئالدىنقىسى ئادەتتىكى سۆز، كېيىنكىسى ئەمەل نامى. «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار تەزكىرىسى» دە هۇنلاردا تەسىس قىلىنغان ئەمەللەر ئۈستىدە مەلۇمات بېرىلگەندە، «. . . ئوڭ، سول «骨都侯» (قۇتبەگ) لەر تەسىس قىلىنغان ئىدى» دېيىلىدۇ[20]. تەتقىقاتچىلار «骨都» نىڭ هۇن تىلى، شۇنداقلا قەدىمكى تۈركىي تىللاردىكى «قۇتلۇق» (qutluq) دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ[21]. دېمەك «骨都» سۆزى «قۇتلۇق» دېگەن سۆز، «骨都侯» سۆزى بولسا «قۇتلۇق بەگ» دېگەن سۆز هېسابلىنىدۇ. «قۇتلۇق بەگ» ئەمەل نامى بولۇپ، قىسقارتىلىپ «قۇتبەگ» دېيىلىدۇ.

13. «骨胡» (گۇخۇ) دەريا نامى. «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرى تۈزۈلگەن ئالەمدىكى يەر ـ جاي تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 36 ـ جىلدىدىكى «يەنجۇ ئايمىقى يەنسۈي ناهىيىسى» دېگەن تارماقتا، «گۇخۇ دەرياسى (骨胡川) سۈيجۇ ئايمىقى سۈيدې ناهىيىسى چېگرىسىدىكى 40 چاقىرىم جايدا خۇاڭخې دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. گۇلاۋ، هۇنچە نامى گۇخۇ، خەنزۇچە نامى گەنچۈەن (قۇرۇق دەريا) دەپ ئاتىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ، هازىر بۇ دەريادا سۇ يوق» دېيىلىدۇ[22]. يۇقىرىقى مەلۇماتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئەسلى «قۇرغاق» دېگەن سۆز ئىدى، تەتقىقاتچىلارمۇ «骨胡» نى تەلەپپۇز جەھەتتىن تۈركىي تىللاردىكى «قۇرۇق» سۆزىگە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ[23].

14. «贺兰» (خېلەن)، «贺赖» (خېلەي) ۋە «赫连» (خېليەن) — تاغ نامى،

هۇنلارنىڭ ئۇرۇق نامى ۋە هۇنلارنىڭ فامىلىسى بولۇپ، بۇلارنىڭ يېزىلىشى هەرخىل بولسىمۇ، لېكىن هۇن تىلىدىكى بىر سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى هېسابلىنىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار تەزكىرىسى» دە «呼衍氏» (قۇيان)، «兰氏» (لان) ئۇرۇغلىرى، بۇلاردىن قالسا «须卜氏» (شۇيبۇ) ئۇرۇقى بار، بۇ ئۈچ ئۇرۇق ئۇلار (هۇنلار) نىڭ ئالىي مەرتىۋىلىك ئۇرۇقلىرى هېسابلىنىدۇ» دېيىلىدۇ㉔. بۇنىڭدىكى «兰氏» (لان ئۇرۇقى) دېگەن سۆز ئەسلى «贺兰氏» دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى هېسابلىنىدۇ. «贺兰» ئەسلى تاغنىڭ نامى بولۇپ، ئورنى يىنشەن تېغى (چۇغاي تېغى) نىڭ شىمالىدا بولۇپ، بۇ جايدا ياشىغان هۇنلار مۇشۇ تاغ نامى بىلەن «贺兰部» (خېلەن قەبىلىسى) دەپ ئاتالغان، هۇنلار هاكىمىيىتىنىڭ ۋەزىرلىرى كۆپىنچە بۇلارنىڭ ئىچىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن، بۇ بىر قىسىم هۇنلار جەمئىيەتتە هۆرمەتلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان ۋە «贺兰氏» ياكى «贺兰种» (خېلەن ئۇرۇقى) دەپ ئاتالغان هەمدە بۇلاردىن چىققان داڭلىق زاتلارغا بۇ سۆز فامىلە قىلىنغان ئىدى. تەتقىقاتچىلار «贺兰» دېگەن سۆز ئەسلى هۇن تىلىدىكى «قۇلان» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ㉕. دېمەك «贺兰» دېگەن سۆز «قۇلان» دېگەنلىك بولىدۇ.

15. «胡» (خۇ) هۇنلارنىڭ ئۆزىنى ئاتىشى بولۇپ، هۇن تىلىدىكى «كۇن» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى هېسابلىنىدۇ. تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى «匈奴» دېگەن تارماقتىن كۆرۈڭ.

16. «呼衍» (خۇيەن)، «呼延» هۇنلارنىڭ ئۇرۇق نامى. «呼衍氏» (خۇيەن ئۇرۇقى) هۇنلارنىڭ ئالىي مەرتىۋىلىك ئۇرۇقلىرىنىڭ بىرى، بۇ «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار تەزكىرىسى» دە ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن. بۇ مەلۇماتنى يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتكەندۇق. «呼延» بولسا «呼衍» نىڭ باشقىچە يېزىلىشى هېسابلىنىدۇ. «خەننامە. هۇنلار تەزكىرىسى» دە، هۇنلارنىڭ تۆت ئۇرۇقى ئىچىدىكى «呼衍» ئۇرۇقى نامىنىڭ كېيىنكى چاغدا ئۆزگەرتىلىپ «呼延» قىلىپ يېزىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ㉖. تەتقىقاتچىلار «呼衍» ياكى «呼延» سۆزىنى هۇن تىلىدىكى «قۇيان» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ㉗.

17. «稽粥» (جىيۇ) باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى. باتۇر تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا جىيۇ هۇنلار تەڭرىقۇتى بولىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار تەزكىرىسى» دە، «. . . باتۇر تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئوغلى ‹稽粥›، تەختكە ئولتۇرىدۇ ۋە ئاغا تەڭرىقۇت دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلىدۇ㉘. بەزى تەتقىقاتچىلار «稽粥» دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى تەلەپپۇزى «kitus» ياكى «kaiduc» دەپ قارايدۇ. بەزىلەر بولسا، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى «قايۇق» ياكى «كىتۇك» دەپ قارايدۇ، لېكىن تەتقىقاتچى خې شىڭلياڭ ئەپەندى بولسا، بۇ سۆزنىڭ ئاھاڭى تۈركىي تىللاردىكى «قىران» سۆزىگە يېقىن كېلىدۇ دەپ قارايدۇ㉙.

18. «径路» (جىڭلۇ) بىسلىق قورال نامى. «خەننامە. هۇنلار تەزكىرىسى» دە، «خەن چاڭ، جاڭ مېڭلار تەڭرىقۇت (قوغشارتەڭرىقۇت) ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر — ۋۇزرالىرى بىلەن بىرلىكتە هۇنلارنىڭ نۇشۇي دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى دۆڭشەن تېغىغا چىقىپ، ئۇ يەردە ئاق بوز ئاتنى سويۇشتى، تەڭرىقۇت (قوغشار تەڭرىقۇت) ئۆز ۋاقتىدا توخرىلار خانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ باش سۆڭىكىدىن ياسىغان شاراب جامىغا شاراب قۇيغۇزۇپ، «径路» (قىڭراق) بىلەن بىلىكىدىن قان چىقىرىپ، شارابقا تېمىتتى ۋە نەقىشلىك ئالتۇن قوشۇقتا قان بىلەن شارابنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنى بىرلىكتە ئىچىپ قەسەمياد قىلىشتى» دېيىلىدۇ㉚. يەن شىگۇ «径路» دېگەن سۆزگە ئىزاھ بەرگەندە، يىڭشاۋدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، «径路» هۇنلارنىڭ ئېسىل شەمشىرىدۇر» دەپ كۆرسىتىدۇ. نېمىس ئالىمى فىرىدرىخ هىرچ (Friedrich Hirth 1845 — 1927) «ئاتىللا شەجەرىسى» دېگەن ئەسىرىدە ‹jinglu› دېگەن سۆزنىڭ تۈركىي تىللاردىن بولغان

تىلىئۇت تىلىدا كىچىك پىچاقنى بىلدۈرىدىغان (قىڭراق) سۆزى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان» لىقلار تىلى (ئۇيغۇر تىلى) دا چوڭ پىچاقنى بىلدۈرىدىغان «قىڭراق» سۆزى بىلەن بىر سۆز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ㉛. خې شىڭلياڭ ئەپەندى بۇ سۆز ئۈستىدە توختالغاندا، «قەدىمكى تۈرك تىلىدا ئىسىل پىچاق ‹قىلىچ›، دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ سۆزنىڭ تەلەپپۇزى « 径路 » غا يېقىن كېلىدۇ» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ㉜. ئومۇمەن « 径路 » خۇن تىلىدىكى سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپى بۇنى ئەسلى «قىڭراق» دېگەن سۆز دەپ قارايدۇ.

19. « 居次 » (جۇسى) بۇ جىنس ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان سۆز. «خەننامە. خۇنلار تەزكىرىسى» دە «پۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت ۋاڭ جاۋجۈنگە ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئىككى قىز پەرزەنت كۆردى، چوڭى شۈيبۇقىز، كىچىكى تانيۇقىز ( 当于居次 ) دەپ ئاتالدى» دېيىلىدۇ㉝. يەن شىگۇ « 居次 » دېگەن سۆزگە ئىزاھ بەرگەندە، لى چىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، « 居次 » دېگەن سۆز ئاياللارنىڭ نامى، خەنزۇ تىلىدىكى « 公主 » (مەلىكە) دېگەن سۆزگە ئوخشايدۇ»㉞ دەپ كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر بۇ ئىزاھقا قاراپ « 居次 » نى «مەلىكە» دېگەن سۆز دەپ قارايدۇ. ياپونىيە ئالىمى گۇڭشى داۋسەنلاڭ « 居次 » نى ئەسلى خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان « 公主 » دېگەن سۆز دەپ قارايدۇ㉟. لېكىن كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلار بۇنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە « 居次 » دېگەن خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان « 公主 » دېگەن سۆزنىڭ خۇنچە تەلەپپۇزى ئەمەس، ئەگەر ئۇنداق بولغان بولسا، تارىخچىلار ئۇنى « 居次 » دەپ ئالماستىن، بەلكى بىۋاستە ھالدا ئەسلىدىكى سۆز بويىچە « 公主 » دەپ ئالغان بولاتتى، « 居次 » ئەسلى خۇن تىلىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «قىز» دېگەن سۆز بىلەن بىر سۆز دەپ كۆرسىتىدۇ㊱. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، كېيىنكى چاغدا قەدىمكى ئۇيغۇرلار « 公主 » دېگەن سۆزنى شۇ چاغدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى ئادىتى بويىچە «قۇنچۇي» دەپ قوللانغانىدى.

20. « 駃騠» (جۈتى) ھايۋانات نامى يەنى خۇنلارنىڭ بىرخىل چارۋا مېلىنىڭ نامى. «تارىخىي خاتىرىلەر. خۇنلار تەزكىرىسى» دە، «ئۇلار ئوتلاق قوغلىشىپ، چارۋىچىلىق قىلىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. چارۋا ماللىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئات، كالا، قوي بولۇپ، ئالاھىدە چارۋا ماللىرىدىن تۆگە، ئېشەك، قېچىر، ئېشەك قېچىر، قۇلان، ئات قېچىرلار بار» دېيىلىدۇ㊲. شۇ گۇاڭ «جۈتى شىمالىي دىلارنىڭ تۇلپارىدۇر» دەيدۇ. «تۇڭيا» دېگەن كىتابنىڭ «جۈتى» دېگەن تارمىقىدا، «دۇڭبى: ‹بايتالنى ئېشەككە چاپتۇرسا «جۈتى» تۇغۇلىدۇ› دەيدۇ» دېيىلىدۇ. يەن شىگۇ بۇ سۆزگە ئىزاھ بەرگەندە، جۈتى تۇغۇلۇپ يەتتە كۈن بولغاندا ئانىسىدىن ئۆزۈپ كېتىدۇ» دەيدۇ㊳. يۇقىرىقىلار- دىن شۇ نەرسىنى بىلىشكە بولىدۇكى، «جۈتى» خۇنلارنىڭ ئالاھىدە چارۋا ماللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ يىلقا يەنى بايتال بىلەن ئېشەك ئوتتۇرىسىدىن تۆرەلگەن بىرخىل شالغۇت مال ئىدى. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېنىقلىشىچە «جۈتى» دېگەن سۆز خۇن تىلىدىكى «kuti» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەن㊴. بىز بۇنى ھازىر «ئات قېچىر» دەيمىز. ئەينى زاماندا خۇنلار ئۇنى «كۇتى» دېگەنىدى.

21. « 可野 » (كېيې) قۇرۇلۇش ياكى ئىستىھكام نامى. «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرىدا تۈزۈلگەن ئالەمدىكى يەر - جايلار تەزكىرىلىرى» نىڭ 35 - جىلدىدىكى «دەنجۇ ئايمىقى يۈنيا ناھىيىسى» دېگەن تارماقنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا «تاشلاندۇق ‹ 可野寺 › (كېيې ساڭرامى) ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى 15 چاقىرىم جايدا، گولاۋنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، بۇ جايدا ليۇساخې ئىستىقامەت قىلغانىدى. جىخۇلار ‹ 堡 › (قورغان) نى ‹ 可野 › دەپ ئاتايدۇ. بۇ ساڭرامنىڭ تۆت تەرىپى تىك قىيا، پەقەت شىمالدىكى بىر يولدىن ئۇ يەرگە بارغىلى بولىدۇ» دېيىلىدۇ㊵. تەتقىقاتچىلار « 可野 » نىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى تەلەپپۇزى «koka» ياكى «koha» دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى

«قورغان» دېگەن سۆز بىلەن بىر سۆز دەپ قارايدۇ㊶.

22. « 控 » (كوڭ) پېئىل «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» ۋە «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە، «خەن ئەسكەرلىرى شيالۇ يۇ بىلەن ئۇرۇش قىلىشۋاتقانلىقتىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقى ئۇرۇش تۈپەيلى ھارغانىدى. شۇ سەۋەبتىن باتۇر قۇدرەت تېپىپ، 300 مىڭدىن ئارتۇق ئوقياچى ( 控弦之士 ) غا ئىگە بولدى» دېيىلىدۇ㊷. يەنە بۇ ئىككى كىتابتىكى خەن سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ ھۇن تەڭرىقۇتىغا يازغان خېتىدە، «. . . مەرھۇم خان ئاتام قالدۇرۇپ كەتكەن تۈزۈم بويىچە، سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى ئوقيالىقلار ئېلى ( 引弓之国 ) تەڭرىقۇتقا تەۋە بولۇشى، سەددىچىنىنىڭ ئىچىدىكى قالپاق - كەمەرلىك خەلقلەر مېنىڭ ئىدارەمدە بولۇشى كېرەك ئىدى» دېيىلىدۇ㊸. « 控弦之士 » دېگەن سۆزدىكى « 控 » نى تەتقىقاتچىلار (ھۇنچە سۆز دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ مەنىسىنى « 引弓之国 » دېگەن سۆزدىكى « 引 » سۆزى ئېنىقلاپ بېرىدۇ. بۇ «تارتىش، كېرىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئوقيا كىرىچىنى تارتىش ۋە كېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەينى زاماندا ھۇنلارنىڭ قوشۇنى ئاساسلىقى، ئوقيا بىلەن قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى ئوقياچىلار ( 控弦之士 ) دەپ ئاتالغان، ھۇن تەڭرىقۇتلىقى ئوقيالىقلار ئېلى ( 引弓之国 ) دەپ ئاتالغانىدى. تەتقىقاتچىلار « 控 » نى ھۇنگار تىلىدىكى «ئوقيا كىرىچىنى تارتىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «kinyujt» دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ㊹.

23. « 库锅 » (كوگو) ئىسىم، خۇشپۇراق ماتېرىيال نامى. «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرى تۈزۈلگەن ئالەمدىكى يەر - جايلار تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 35 - جىلدىدىكى «دەنجۇ ئايىمىقى يىچۈەن ناھىيىسى» دېگەن تارماقتا، «كوگو ( 库锅川 ) ناھىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 20 چاقىرىم جايدا بولۇپ، يۈنيەن ناھىيىسى چېگرىسىدىن ئۆتۈپ دەنياڭ دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. «تۇجىڭ» (رەسىملىك يەر - جايلار تەزكىرىسى) دېگەن كىتابتا، ‹دەريانىڭ جەنۇبىدا خەنزۇلار، شىمالىدا ھۇنلار ياشايدۇ، ھۇنلار بىلەن خەنزۇلار بىرلىكتە دەريادا شيالۇ كۆيدۈرىدۇ. ھۇنلار شيالۇنى «كوگو» دەپ ئاتايدۇ› دەپ كۆرسىتىلىدۇ. شۇڭا بۇ دەريا شۇنداق نام ئالغان» دېيىلىدۇ㊺. دېمەك «كوگو» ھۇنچە سۆز بولۇپ، تەتقىقاتچىلار بۇنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى تەلەپپۇزى «koka» ياكى «kuka» دەپ كۆرسىتىدۇ ھەمدە 735 - يىلى ئورنىتىلغان «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا «قوقى» دا دېگەن سۆز بار، مەنىسى «شيالۇ ئىسى» دېگەنلىك بولىدۇ؛ «قەدىمكى تۈرك تىلى لۇغىتى» دە «kusi, kuji» دېگەن سۆزلەر بار، بۇنىڭ مەنىسى «مۇقەددەس شيالۇ» دېگەنلىك بولىدۇ؛ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا «شيالۇ» دېگەن سۆز «كوجە» دېيىلىدۇ؛ kusi ، kuji ، «قوقى» نىڭ ئۆزگەرگەن شەكىللىرى بولسا كېرەك، «قوقى» بىلەن « 库锅 » نىڭ تەلەپپۇزى يېقىن كېلىدۇ، مەنىسى مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا بۇلارنى بىر سۆز دەپ قاراشقا بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ㊻.

24. « 库利 » (كولى) I - ئىسىم، «يۈەنخې يىللىرىدا تۈزۈلگەن ۋىلايەت - ناھىيىلەر تەزكىرىلىرى» نىڭ 4 - جىلدىدىكى «دەنجۇ ئايىمىقى يۈنيەن ناھىيىسى» تارمىقىدا، «كولى تۈزلەڭلىكى ( 库利川 ) ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدا، بۇرۇن بۇ جايدا بىر قول قاراقچى تۇرغانىكەن. جىبىلار قولنى « 库利 » دەپ ئاتايدۇ، شۇڭا بۇ جاي شۇنداق ئاتالغانىكەن» دېيىلىدۇ㊼. «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرى تۈزۈلگەن ئالەمدىكى يەر - جايلار تەزكىرىلىرى» دىمۇ يۇقىرىقى سۆزلەر بار. دېمەك « 库利 » دېگەن سۆز «قول» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىمۇ «قول» دېگەن سۆزگە ناھايىتى يېقىن، شۇڭا تەتقىقاتچىلار « 库利 » دېگەن سۆزنى تۈركىي تىللاردىكى «قول» دېگەن سۆز بىلەن بىر سۆز، « 库利 » سۆزى «قول» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ㊽.

25. « 库利 » I ئىسىم. «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرى تۈزۈلگەن ئالەمدىكى يەر - جايلار

تەزكىرىلىرى» نىڭ 36 ـ جىلدىدىكى «يەنجۇ ئايمىقى لىنجېن ناھىيىسى» تارمىقىدا «كۆلى تۇزلەڭلىكى ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى 15 چاقىرىم جايدا، خېجچۇەن قېرىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ جاينىڭ تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، زىرائەتلەردىن مول ھوسۇل ئېلىنىدىكەن، ھۇنلار كونا ئاشلىقلارنى ساقلاشنى ‹ 库 › دەيدىكەن» دېيىلىدۇ㊾. يۇقىرىدىكى « 库 » ئەسلى « 库利 » نىڭ قىسقارتىلمىسى ھېسابلىنىدۇ. تەتقىقاتچىلار بۇ « 库利 » دېگەن سۆز «قول» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان « 库利 » دېگەن سۆز بىلەن يېزىلىش جەھەتتە ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن بۇلار ئىككى سۆز، بۇ مەلۇماتتىكى « 库利 » سۆزى ئەسلى تۈركىي تىللاردىكى ساقلىنىۋاتقان زاپاس ئاشلىقنى بىلدۈرىدىغان «خور» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، دەپ قارايدۇ㊿.

26. « 煸蠡 » (مىڭلى) ئىسىم، يېمەكلىك نامى. «خەننامە. ياڭ شيۇڭ تەرجىمىھالى» غا كىرگۈزۈلگەن ياڭ شيۇڭنىڭ «چاڭجياڭ نەزمى» دېگەن ئەسىرىدە، «قوغلاپ ئات ـ تۆگىلىرىنى، پىشلاقلىرىنى كۆيدۈردى» دېيىلىدۇ. يەن شىگۇ كىتابتا جالڭ يەن سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئىزاھ بېرىپ، مىڭلى پىشلاقتۇر، ئېچىتقۇ قىلىنىدۇ، ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىشتىن مەقسەت ھايات كەچۈرىدىغان نەرسىسىنى يوقىتىۋېتىشتىن ئىبارەت» دەيدۇ㊿①. تەتقىقاتچىلار يۇقىرىقى سۆزنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «metlai» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ ھەمدە ئۇلار يەنە ئۇيغۇرلار « 干酪 » نى «پىشلاق» دەپ ئاتايدۇ. قەدىمكىلەر «مىڭلى» نىڭ مەنىسى « 干酪 » يەنى «پىشلاق» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ تەلەپپۇزىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى «پىشلاق» دېگەن سۆزگە يېقىن، شۇنداقلا مەنىسىمۇ ئوخشاش دەپ كۆرسىتىدۇ㊿②.

27. « 冒顿 » (ماۋدۇن) بۇ ھۇنلار تەڭرىقۇتىنىڭ ئىسمى. تەتقىقاتچىلار بۇ سۆز قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «məktək» ياكى «maktok» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە بۇنى تۈركىي تىللاردىكى «باتۇر» دېگەن سۆز بىلەن بىر سۆز دەپ قارايدۇ㊿③.

28. « 幕 » (مۇ) ئىسىم، شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە جاۋسۇن تەڭرىقۇتقا قۇملۇقنىڭ يىراق شىمالىغا چېكىنىش، خەن قوشۇنىنى مەلىكە قىلىپ ھاردۇرۇش، ئاندىن تارمار قىلىش، قورۇلغا يېقىنلاشماسلىق توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى دېيىلىدۇ㊿④. كىتابنى ئىزاھلىغۇچى فېي يىن « 幕 » سۆزىگە ئىزاھ بېرىشتە ئۇزى ئايرىمچە ئىزاھ يېزىپ ئولتۇرماستىن، «خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى» دىكى يىلى شاۋ بىلەن زەننىڭ بۇ سۆزگە بەرگەن ئىزاھىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. يىلى شاۋ «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى» دە يىلى شاۋ بۇ سۆزگە ئىزاھ بەرگەندە « 幕 » قۇملۇقتۇر، ئۇ ھۇنلارنىڭ جەنۇبىي چېگرىسى ھېسابلىنىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ㊿⑤. يەن شىگۇ «خەننامە. خەن ۋۇدى تەرجىمىھالى» دا بۇ سۆزگە ئىزاھ بەرگەندە «يىلى شاۋ بىلەن زەننىڭ دېگەنلىرى توغرىدۇر. . . ‹ 幕 › دېگىنىمىز ھازىرقى تۈركلەر زېمىنىدىكى قۇملۇقتۇر» دەيدۇ㊿⑥. تەتقىقاتچىلار بۇ سۆزنى ھۇنگار تىلىدىكى «قۇم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «homak» دېگەن سۆزگە تەڭلەشتۈرىدۇ㊿⑦. دېمەك « 幕 » ھۇن تىلىدىكى قۇملۇق ياكى «قۇم» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە قىسقارتىپ ئىپادىلىنىشى ئىدى.

29. « 瓯脱 » (ئوۋتو) ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا پاسىلىنى بىلدۈرىدىغان سۆز. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە، «توڭگۇسلار بىلەن ھۇنلار ئارىلىقىدا تاشلاندۇق يەر بولۇپ، بۇ يەردە ئاھالە ئولتۇرمايتتى، دائىرىسى 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق ئىدى، ھەرقايسىسى ئۇنىڭ ياقىسىدا ئوتاغ ( 瓯脱 ) قۇرۇپ تۇراتتى» دېيىلىدۇ㊿⑧. بۇنىڭدىكى « 瓯脱 » دېگەن سۆز ھۇنچە سۆز بولۇپ، كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كىشىنى قايىل قىلىدىغىنى چېن زوڭجېن ئەپەندىنىڭ پىكرى ھېسابلىنىدۇ㊿⑨. «ota» دېگەن بۇ سۆز ھازىر

«ئوتاۋ» دېيىلىدۇ ۋە چولڭ ھەم ھەيۋەتلىك كىگىز ئۆينى كۆرسىتىدۇ. قەدىمدە ھۇنلار كىگىز ئۆي ۋە تۇرالغۇ جايىنى « 瓯脱 » (ئوتاغ) دېگەنلىكتىن، ئارىلىق پاسىل قىلىپ قالدۇرۇلغان ۋە ئادەم ئولتۇرمايدىغان يەرنىڭ ياقىسىغا مۇداپىئە يۈزىدىن ئادەم تۇرغۇزۇش ئۈچۈن تىكلىگەن كىگىز ئۆي ياكى تۇرالغۇ جايىمۇ « 瓯脱 » (ئوتاغ) دەپ ئاتالغانىدى.

30. « 蒲类 » (پۇلېي) بۇ يەر نامى. «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە، «پۇلېي سانغۇنى جاۋ چۇڭگونىڭ قوشۇنى ئەسلىدە ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىكتە پۇلېي كۆلى ( 蒲类泽 ) بويىدا ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇيسۇنلار ئاۋۋال كېلىپ كېتىپ قالغاچقا، خەن سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ئۇلار بىلەن ئۇچرىشالمىدى» دېيىلىدۇ [60]. مەزكۇر كىتابتا يەنە ھۇنلارنىڭ پۇلېي بېگى ( 蒲类王 ) بولغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. ھۇنلار زېمىنىدا پۇلېي كۆلىنىڭ بولۇشى، بۇ كۆلنى مەركەز قىلغان مۇئەييەن رايونغا پۇلېي بېگى ( 蒲类王 ) نىڭ قويۇلۇشى، شۇنداقلا خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇ يەردىكى ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان سەركەردىگە پۇلېي سانغۇنى ئاتىقى بېرىشى «پۇلېي» نىڭ ھۇنچە سۆز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېنىقلىشىچە، «پۇلېي كۆلى» ھازىرقى «بارىكۆل» نى كۆرسىتىدۇ [61]. «بارىكۆل» سۆزى ئەسلى «بارس كۆل» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەنىدى. دېمەك «پۇلېي» دېگەن سۆز ھۇن تىلىدىكى «بارس» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ھېسابلىنىدۇ.

31. « 祁连 » (چىلىيەن) تاغ نامى. «خەننامە. خەن ۋۇدى تەرجىمىھالى» دا، «م ب 99 - يىلى (خەن ۋۇدى تيەنخەن 2 - يىلى، 5 - ئايدا سوترىشنا سانغۇنى لى گۇاڭلى 30 مىڭ چەۋەنداز بىلەن جيۇچۇەندىن چىقىپ، تەڭرىتاغ ( 天山 ) دا ئوڭ قول بىلىكخان بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنىڭ ئون نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى» دېيىلىدۇ [62]. كىتابتا بۇ نەقىلدىكى « 天山 » دېگەن سۆزگە ئىزاھ بېرىلگەندە، « 天山 ... بۇ ‹ 祁连山 › (چىلىيەن تېغى) دۇر. ھۇنلار ‹تەڭرى› نى ‹ 祁连 › دەپ ئاتايدۇ، دەيدۇ» دېيىلىدۇ. «خەننامە. خوچۈبىڭ تەرجىمىھالى» دا، «بېيدىدىن چىققان خوچۈبىڭ دۈشمەن ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىردى. يولدىن ئېزىپ كەتكەن ھەمراھ بەگ گۇڭسۇن ئاۋ خوچۈبىڭ بىلەن ئۇچرىشالمىدى. چىلىيەن تېغى ( 祁连山 ) غا ھەممىدىن ئاۋۋال يېتىپ بارغان خوچۈبىڭ نۇرغۇن دۈشمەننى ئەسىر ئالدى» دېيىلىدۇ [63]. يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، « 祁连 » دېگەن سۆز ھۇنچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «تەڭرى» دېگەن سۆز ئىدى. تەتقىقاتچىلار « 祁连 » دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى تەلەپپۇزى «teilan» دەپ كۆرسىتىدۇ [64]. بۇ سۆزنىڭ ئاھاڭى تۈركىي تىلدىكى «تەڭرى» دېگەن سۆزگە ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ. دېمەك « 祁连山 » نى ئەسلى ھۇن تىلىدىكى «تەڭرى» تېغى» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېيىشكە بولىدۇ.

32. « 师比 » (شىبى) ئىسىم، كۇندىلىك تۇرمۇش بۇيۇمى نامى. خەنزۇچە ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە تارىخىي خاتىرىلەردە بۇ بۇيۇم نامى يەنە « 犀比 » (شىبى)، « 犀毗 » (شىپى)، « 犀纰 » (شىپى)، « 鲜卑 » (شيەنبېي)، « 胥纰 » (شۈپى) دەپ يېزىلىدۇ. دېمەك، تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە بۇ بۇيۇم نامى ئالتە خىل شەكىلدە ئۇچرايدۇ. گەرچە ھەرخىل يېزىلغان، تەلەپپۇزدا سەل - پەل پەرقلەر بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە بىر نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى «سېربى» بولۇپ، بەلۋاغ توقىمىسىنى كۆرسىتىدۇ [65]. دېمەك، ئۇ «توقا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، ھۇنلار قەدىمدە بەلۋاغ توقىسىنى «سېربى» دەپ ئاتىغانىدى.

33. « 陶涂 » (تاۋتۇ) ھۇنلارنىڭ ئالاھىدە چارۋا مېلىنىڭ نامى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە، «ئۇلار ئوتلاق قوغلىشىپ چارۋىچىلىق قىلىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. چارۋا ماللىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئات، كالا، قوي بولۇپ، ئالاھىدە چارۋا ماللىرىدىن تۆگە، ئېشەك، قېچىر،

ئېشەك قېچىر، قۇلان ( 陶涂 )، ئات قېچىرلار بار» دېيىلىدۇ[66]. «زىلىن» دېگەن كىتابتا « 陶涂 » غا «ياۋائات» دەپ ئىزاھ بېرىلىدۇ[67]. «تاغ ـ دەريالار تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا، «بېيخەي (بايقال كۆلى) تەرەپتە بىر خىل هايۋان بار، شەكلى ئاتقا ئوخشايدۇ، ئۇ ‹ 陶涂 › دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلىدۇ[68]. باشقا كىتابلاردىمۇ بۇ سۆز ھەققىدە ئىزاھلار بار. ئومۇمەن، بۇ سۆز قۇلان ياكى ياۋا ئاتنى كۆرسىتىدۇ. ھۇنلار بۇنى كۆندۈرۈپ، چارۋا مال سۈپىتىدە باقىدۇ ۋە « 陶涂 » دەپ ئاتىغانىدى. بەزى كىتابلاردىكى ئىزاھتا « 陶涂 » ھۇنلارنىڭ ئېسىل نەسىللىك ئېتى دەپمۇ كۆرسىتىلىدۇ. بەلكىم ئۇ ياۋا ئات ياكى قۇلان نەسىللىك ياخشى يىلقا بولسا كېرەك. بۇ سۆزنىڭ ھۇن تىلىدا قانداق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس.

34. « 头曼 » (تۇمەن) ھۇنلار تەڭرىقۇتىنىڭ ئىسمى. تەتقىقاتچىلار بىردەك بۇ سۆزنى «تۇمەن» دېگەن سۆز دەپ قارايدۇ[69]. ئەسلى سانني بىلدۈرىدىغان بۇ سۆزنى ھۇنلارنىڭ تۇنجى تەڭرىقۇتى ئۆزىگە ئىسىم قىلغانىدى. بۇنىڭ سۆز مەنىسى «تۇمەن پۇقرانىڭ باشلىقى» دېگەنلىك بولىدۇ، ئەمەلىي ئىستېمال مەنىسى بولسا، «ئەل باشلىقى» دېگەنلىك بولىدۇ. تۈرك خانلىقىنىڭ تۇنجى قاغانى خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە « 土门 » دەپ يېزىلغان بولۇپ، بۇمۇ ئەسلى «تۇمەن» دېگەن سۆزنىڭ يەنە بىر خىل ئاھاڭ تەرجىمىسى ھېسابلىنىدۇ.

35. « 居耆 » (تۇچى) سۈپەت سۆز. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە، «ھۇنلار تىلىدا ‹ئەقىللىق› دېگەن سۆز ‹ 居耆 › دېيىلىدۇ، شۇڭا ئۇلاردا كۆپىنچە ۋەلىئەھد ‹سول قول بىلىكخان› ( 左居耆王 ) بولىدۇ» دېيىلىدۇ[70]. بەزى تەتقىقاتچىلار ‹ 居耆 › سۆزى قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «datei» ياكى «dala» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ[71]. بەزىلەر بۇنى «تۇغ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ[72]. دېمەك بۇ سۆزنىڭ تەلەپپۇزى توغرىسىدىكى قاراش ئوخشىمايدۇ. ئومۇمەن « 居耆 » دېگەن بۇ سۆز ئەقىللىق، بىلىملىك ۋە دانىشمەن دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. « 左居耆王 » دېگەن ئەمەل نامى تەرجىمىدە «سول قول بىلىكخان» دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ.

36. « 驿骡 » (توشى) بۇ چارۋا مال نامى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە، «ئۇلار ئوتلاق قوغلىشىپ، چارۋىچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ. چارۋا ماللىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئات، كالا، قوي بولۇپ، ئالاھىدە چارۋا ماللىرىدىن تۆگە، ئېشەك، قېچىر، ئېشەك قېچىر، قۇلان (ئاتقېچىر)لار بار» دېيىلىدۇ[73]. «شوۋېن» («خەنزۇ خەتلىرىگە چۈشەندۈرمە») دېگەن كىتابتا ياۋائات تۈرىگە كىرىدۇ، دەپ كۆرسىتىلىدۇ[74]. يەن شىگۇ «خەننامە» دىكى سۆز ـ ئىبارىلەرگە ئىزاھ بەرگەندە، بۇ سۆزگە «ئات ـ ئېشەك تۈرىدىكى مال» دەپ ئىزاھ بېرىدۇ[75]. بۇ سۆزدىن ئۇنىڭ يىلقا بىلەن ئېشەك ئوتتۇرىسىدىن تۆرەلگەن مال ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دېمەك، يىلقا بىلەن ئېشەك ئوتتۇرىسىدىن پەيدا بولغان مال بولۇپ، بىز ھازىر بۇنى ئات قېچىر دەيمىز. ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدا «tuoxi» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. تەتقىقاتچىلار، بۇ سۆز قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىدا «tenki» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ[78]، دەپ كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ھۇنلار ئات قېچىرنى «tenki» دەپ ئاتىغانىدى. بۇ تەلەپپۇز سۆزنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزىنى ئەينەن ئىپادىلەپ بەرگەن بولۇشى ناتايىن. ئومۇمەن ئالغاندا، ئەسلى تەلەپپۇزغا يېقىن بولۇشى مۇمكىن.

37. « 匈奴 » (شيۇڭنۇ) قەدىمكى مىللەت نامى. بۇ «ھۇن» ياكى «ھۇنلار» دېگەنلىك بولىدۇ. تەتقىقاتچىلار خەنزۇ تىلىدىكى « 胡 » سۆزى بىلەن « 匈奴 » سۆزىنى ھۇنلارنىڭ ئۆزىنى ئاتىشى دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار « 胡 » بىلەن « 匈奴 » دېگەن سۆزدىكى « 匈 » ئەسلى بىر سۆزنىڭ ئىككى خىل ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ[77]. «تارىخىي خاتىرىلەر» بىلەن «خەننامە» دىكى «ھۇنلار تەزكىرىسى» دە، «تەڭرىقۇت ھەر تاڭدا بارگاھىدىن چىقىپ، ئۇپۇقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن

تالڭ قوياشىغا تازىم قىلىدۇ، كەچتە ئايغا تازىم قىلىدۇ» دېيىلىدۇ[78]. بۇنىڭدىن هۇنلارنىڭ قوياش بىلەن ئايغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «خەننامە. هۇنلار تەزكىرىسى» دە قەيت قىلىنىشىچە، هۇنلار ئەينى زاماندا هەمىشە «جەنۇبتا بۈيۈك خەن سۇلالىسى، شىمالدا قۇدرەتلىك « 胡 » (هۇن) لار بار. «خۇ» لار بولسا، تەڭرىنىڭ ئەركە ئوغلىدۇر» دەپ ئىپتىخارلىناتتى. تەتقىقاتچىلار بۇنىڭدىكى «تەڭرىنىڭ ئەركە ئوغلىدۇر» دېگەن ئىبارە « 胡 » دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ ھەمدە قەدىمدە كىشىلەر «پادىشاھنى «تەڭرى ئوغلى» دەپ ئاتىغان، شۇڭا «تەڭرى ئوغلى» يەنى پادىشاھنى ھەمىشە قوياشقا ئوخشىتاتتى، بۇنىڭدىن «تەڭرىنىڭ ئوغلى» دېگەن سۆزنىڭ قوياشنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، شۇڭا هۇنلارنىڭ قوياشقا ئېتىقادىنى ۋە «هۇنلار تەڭرىنىڭ ئەركە ئوغلىدۇر» دېگەن سۆزگە ئاساسەن « 匈奴 » دېگەن سۆز بىلەن « 胡 » دېگەن سۆزنىڭ «قوياش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى «كۈن» ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق تۈركىي تىللاردا قوياش «كۈن» دېيىلىدۇ. سالار تىلىدا قوياش «كۈن» دېيىلىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى « 胡 » سۆزىنىڭ تەلەپپۇزىغا يېقىن كېلىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ[80]. دېمەك « 胡 » ۋە « 匈奴 » دېگەن سۆزلەر ئەسلى هۇن تىلىدىكى «كۈن» دېگەن سۆزنىڭ ئوخشىمىغان ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. هازىر « 匈奴 » سۆزى «هۇن» دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ. يۇقىرىقى بايانغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئەسلىدىكى «كۈن» سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولسا كېرەك.

38. « 阏氏 » (يەنشى). يەن شىگۇ «خەننامە» دىكى سۆز - ئىبارىلەرگە ئىزاھ بەرگەندە، « 阏氏 »، هۇنلار تەڭرىقۇتى خانىشىنىڭ ئاتاق نامىدۇر» دەپ كۆرسىتىدۇ[81]. تەتقىقاتچىلار بۇنى ئەسلى هۇن تىلىدىكى «ئالچى» دېگەن سۆز دەپ قارايدۇ[82]. بەزى تەتقىقاتچىلار « 阏氏 » نىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى تەلەپپۇزى «katte» بولۇپ، بۇ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ئايالنى بىلدۈرىدىغان «قاتۇن» دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ دەپ قارايدۇ[83]. بۇ قاراش كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. تۈرك خانلىقى دەۋرىدە تۈرك خانلىرىنىڭ خانىشى «قاتۇن» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ سۆز خەنزۇ تىلىدا « 可敦 » دەپ يېزىلغانىدى. دېمەك، « 阏氏 » نىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى «qatun» » دېگۈچىلەر ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزىنى تاپالماستىن، ئۇنى كېيىنكى چاغدىكى «قاتۇن» دېگەن سۆزگە توغرىلايدۇ. « 阏氏 » سۆزى باشقا مەنبەلەردە يەنە « 阏支 »، « 焉提 » قاتارلىق شەكىللەردە ئۇچرايدۇ.

39. « 焉耆 » (يەنجى) بۇ سۆز ئىككى مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: 1) يەنە بىر خىل يېزىلىشى « 焉支 » بولۇپ، گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى بىر تاغنىڭ نامى. سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىدە بۇ تاغ نامى « 焉支山 » (يەنجى تېغى) دەپ يېزىلغان[84]. بەن گۇنىڭ «خەننامە» ناملىق ئەسىرىدە بولسا، « 焉耆山 » دەپ يېزىلغان[85]. بۇ «ئالچى تېغى» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ تاغدىن «ئالچى» دەپ ئاتىلىدىغان ئەڭلىك تەييارلىنىدىغان ئۆسۈملۈك چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغانىدى. دېمەك بۇلار بىر تاغنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىشى هېسابلىنىدۇ. 2) خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە هازىرقى قاراشەھەرنىڭ نامى « 焉耆 » دەپ ئاتالغان. بۇ شەھەر نامى خەنزۇ تىلىدا هازىرمۇ مۇشۇنداق ئاتىلىدۇ. ئەمما «يەنچى» ئەمەس، بەلكى «يەنجى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

54. « 紫 » (زى) ئىسىم، قۇلنى كۆرسىتىدۇ. «ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا، «هۇنلار قۇل - دېدەكنى ‹زى› دەيدۇ» دېيىلىدۇ[85]. تەتقىقاتچىلار «زى» نىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى تەلەپپۇزى «tsei» ياكى «zei» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلار، بۇ سۆز قۇلنى كۆرسەتسىمۇ، لېكىن «قۇل» دېگەن سۆز ئەمەس، چۈنكى خەنزۇ تىلىدا تەركىبىدە « 贝 » بەلگىسى بار خەتلەر

ئومۇمەن مال ـ مۈلۈك، بايلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ھۇنلار ئۇرۇشتا ئەسىر ئېلىنغانلارنى قۇل قىلغان ۋە مال ـ مۈلۈك قاتارىدا كۆرگەن، شۇڭا بۇ سۆز ئەسلى «قۇل» دېگەن سۆز بولماستىن، بەلكى «مال ـ مۈلۈك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز دەپ قارايدۇ(87). ھازىرچە بۇ سۆزنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى ئېنىق ئەمەس. « 紫 » نىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى تەلەپپۇزى ئەسلى سۆزنىڭ نەق تەلەپپۇزىنى ئەينەن ئىپادىلەپ بەرگەن بولۇشى ناتايىن. تىلىمىزدا بۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان سۆز ئۇچراتمىدۇق. شۇڭا ھازىرچە سېلىشتۇرۇپ تەھقىقلەش ئىمكانىيىتى يوق.

55. « 秀支替戾冈,仆谷劬秃当 » (شيۇ- جى تىلىگاڭ پۇگۇ گۇتۇداڭ) بۇ تارىخي خاتىرىلەردە خاتىرىلىنىپ قالغان ھۇنچە ئىككى جۈملە سۆز ياكى ئىككى مىسرالىق شېئىر. «جىننامە» دىكى «فۇتوچېڭ تەزكىرىسى» دە، «. . . فۇتوچېڭ دېدىكى، بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ تۇرغان قوڭغۇراقلار ساداسى شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، ‹ 秀支替戾冈,仆谷劬秃当 ›، بۇ جېبلار ( 羯 ) نىڭ تىلىدۇر؛ . . .» دېيىلىدۇ(88). بۇ نەقىلدىكى خەنزۇچە يېزىلغان سۆزلەر ئەسلى جېبلارنىڭ سۆزى بولۇپ، فۇتوچېڭ بۇنى ئۆز تەلەپپۇزى بىلەن ئېيتقان. مۇئەررىخ ئۇنى ئاھاڭى بويىچە خەنزۇچە ئىپادىلىگەن. جېبلار ھۇنلارنىڭ بىر تارمىقى ھېسابلىنىدۇ. دېمەك بۇ يەردە خاتىرىلەنگىنى ھۇنلارنىڭ تىلىدۇر. بۇنى تۈركولوگلار «سۆجى تىلەيگان، پۇگۇتوغدان» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان. بۇنىڭ مەنىسى «قوشۇن ئاتلىنىش بىلەنلا، پۇگۇ تۇتۇۋېلىنىدى» دېگەنلىك بولىدۇ. جۈملىلەرنىڭ قاپىيىداشلىقىدىن بۇنىڭ شېئىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭا بۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوشۇن ئاتلانغان ھامان، پۇگۇنى تۇتۇپ ئالغان» دەپ ئېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدا بىزگە ئېنىق بولغان ئىككى سۆز بار. بىرى « 秀支 » دېگەن سۆز، بۇ «سۆچى» دېگەن سۆز بولۇپ، «قوشۇن» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ سۆز «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بار. يەنە بىرى « 仆谷 » دېگەن سۆز، بۇ ئادەم ئىسمى ياكى ئاتاق نام ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسلى «بۆكۈ» بولسا كېرەك. چۈنكى قەدىمدە ئۇيغۇرلار بۇ ئىسىمنى قوللانغان. مەسىلەن: ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى خاقانلىرى ئىچىدە «بۆكۈخان» ئىسىملىك بىر داڭلىق خاقان بار.

خەنزۇ تىلىغا ھۇن تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر يۇقىرىقىلار بىلەن چەكلەنمەيدۇ. يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ساقلىنىپ قالغان يەنە بىر قىسىم سۆزلەر بار. بىز بۇ يەردە پەقەت بىرقەدەر ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنىپ، تەلەپپۇزى ۋە مەنىسى ئېنىقلانغان ۋە تەلەپپۇزى ئېنىق بولمىسىمۇ مەنىسى ئېنىقلانغان بىر قىسىم سۆزلەرنىلا كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

---

ئىزاھلار:

① شىراتورى كۇراكىچى: «ھۇنلار ھەققىدە تەتقىقات»، لىن گەن تۈزگەن «ھۇنلار تارىخىغا دائىر ماقالىلەردىن تاللانمىلار»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى. 1983 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 207 ـ بەت.

②㉛ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى». «جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2897 ـ بەت.

③ لىڭخۇدېفېن: «جۇنامە. جىخۇلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1971 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 896 ـ بەت.

④ ۋېي شۇ: «ۋېينامە. ئېرجۇرۇڭ تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1974 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 1645 ـ بەت.

⑤⑧⑪⑮⑲㉑㉙㉜㉟㊱(52)(53)(61)(64)(68)(71)(77)(80)(83)(86)(87) خې شىگلياڭ: «ھۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

⑥ بەن گۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 3751 - بەت.

⑦⑩ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2890 - بەت.

⑨ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 2888 - بەت.

⑪⑫㊹(57) خەن يىچى: «ئەڭ دەسلەپكى ھۇنگارلار بىلەن ھۇنلارنىڭ مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ئورنىنى تىل جەھەتتىن دەلىللەش»، «مىللەتشۇناسلىق ژۇرنىلى»، 1983 - يىللىق سان، يۈننەن مىللەتلەر نەشرىياتى، 55 - بەت.

⑬ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2899 - بەت.

⑭ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2892 ـ، 2893 - بەتلەر.

⑯ ژاڭ چۇڭ: «مىزان توغرىسىدا»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1974 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 247 - بەت. بۇ يېڭى نەشرىدە « 焉提 » قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. كونا نۇسخىدا « 遏氏 » يېزىلغان. ئىزاھ ⑩ دا كۆرسىتىلگەن ماقالىگە قاراڭ.

⑰، ⑱ بەن گۇ: «خەننامە. سۈۋۇ تەرجىمىھالى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1962 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 2463 - بەت.

⑳ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى. 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2890 - بەت.

㉒ «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرى تۈزۈلگەن ئالەمدىكى يەر - جاي تەزكىرىلىرى»، 36 - جىلد. «جىخۇلار تىلىدىكى بىرقانچە سۆزگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مىللەتلەر تىل - يېزىقى» ژۇرنىلى 1982 - يىل 3 - سان.

㉓㉕㊵㊶㊺㊻㊼㊽㊾㊿ خې شىڭلياڭ: «جىخۇلار تىلىدىكى بىرقانچە سۆزگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مىللەتلەر تىل - يېزىقى» ژۇرنىلى، 1982 - يىل 3 - سان.

㉔ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2890 ـ، 2891 - بەتلەر.

㉖ فاڭ شۈەنلىڭ قاتارلىقلار: «جىننامە. شىمالىي دىلار ۋە ھۇنلار تەزكىرىسى»، 97 - جىلد. لىن گەن تۈزگەن «ھۇنلار تارىخىغا دائىر ماقالىلەردىن تاللانمىلار»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1983 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 579 - بەتكە قاراڭ.

㉗ ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تارىخىي ئاتالغۇلار لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى، 136 - بەت.

㉘ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 2898 - بەت.

㉚ بەن گۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 3801 - بەت.

㉛ شىراتورى كۇراكىچى: «ھۇنلار توغرىسىدا تەتقىقات»، لىن گەن تۈزگەن «ھۇنلار تارىخىغا دائىر ماقالىلەردىن تاللانمىلار»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1983 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 203 - بەت.

㉝㉞ بەن گۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 3807 ـ، 3808 - بەتلەر.

㊲(66)(73) سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2879 - بەت.

㊳ بەن گۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 3744 - بەت.

㊴(65)(68)(76) سېن جىشياڭ: «خەنزۇ تىلىدىكى سىرتتىن كىرگەن سۆزلەر لۇغىتى»، سودا مەتبەئەسى، 1990 - يىل نەشرى.

㊷ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 2890 - بەت؛ يەنە بەنگۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 3750 - بەت.

㊸ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2902 - بەت، يەنە بەنگۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 3762 - بەت.

(51) بەن گۇ: «خەننامە. ياڭ شيۇڭ تەرجىمىھالى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 3561 - بەت.

(54)(55) سىماچيەن: «تارىختىن خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2908 - بەت.

(56) بەن گۇ: «خەننامە. خەن ۋۇدى تەرجىمىھالى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 203 - بەت.

(58) سىماچيەن: «تارىختىن خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 2889 - بەت.

(59) چېن زۇڭجېن: «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ‹ota› سۆزى بىلەن « 欧脱 » سۆزى توغرىسىدا»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1989 - يىل 2 - سان.

(60) بەن گۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 3786 - بەت.

(62) بەن گۇ: «خەننامە. خەن ۋۇدى تەرجىمىھالى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 203 - بەت.

(63) بەن گۇ: «خەننامە. خوچۇبىڭ تەرجىمىھالى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2480 - بەت.

(67)(74) سىماچيەن: «تارىختىن خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2880 - بەتتىكى ئىزاھقا قاراڭ.

(68) رېن فۇشيەن، يۈيۈفا تەرجىمە قىلىپ ۋە ئىزاھلاپ نەشرگە تەييارلىغان «ئامىباپ تىلدىكى رەسىملىك تاغ - دېڭىزلار تەزكىرىسى»، شەندۇڭ ماائارىپ نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى، 272 - بەت.

(72) سىماچيەن: «تارىختىن خاتىرىلەر» (24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى - 1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 401 - بەت؛ بەن گۇ: «خەننامە» (24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى - 2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 834 - بەت.

(75) بەن گۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 3744 - بەت.

(78) سىماچيەن: «تارىختىن خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 2892 - بەت؛ بەن گۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 3752 - بەت.

(79) بەن گۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 3780 - بەت.

(81) بەن گۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 3749 - بەت.

(82) سىماچيەن: «تارىختىن خاتىرىلەر» (24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى - 1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 398 - بەت.

(84) سىماچيەن: «تارىختىن خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2908 - بەت.

(85) بەن گۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 3768 - بەت.

(88) فاڭ شۇەنلىڭ قاتارلىقلار: «جىننامە. فۇتوچېڭ تەزكىرىسى»، 95 - جىلد. «25 تارىخ» 2 - توم، «جىننامە»، شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى ۋە شاڭخەي كىتابخانىسى، 1986 - يىل نەشرى، 290 - بەت. «فۇتوچېڭ تەزكىرىسى» دە يەنە يۇقىرىقى سۆزلەر بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈلۈپ، « 秀支 » قوشۇن دېگەنلىكتۇر، « 替戾冈 » «يولغا چىقىش» (ئاتلىنىش) دېگەنلىكتۇر. « 仆骨 » ليۇياۋ ( 刘曜 ) نىڭ خورچە ئاتىقىدۇر. « 劬秃当 » «تۇتۇۋېلىش» دېگەنلىكتۇر. بۇ قوشۇن يولغا چىقىش بىلەن، ليۇياۋنى تۇتۇۋالدى دېگەنلىك بولىدۇ» دېيىلىدۇ. دېمەك بۇ يەردە سۆزلەر ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن. بۇنىڭدىكى ليۇياۋ (؟ — 329) ئون ئالتە پادىشاھلىق دەۋرىدە ھۇنلار قۇرغان ئالدىنقى جاۋ پادىشاھلىقى پادىشاھى بولۇپ، مىلادى 318 - يىلدىن 329 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغانىدى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر مۇھىم مەنبە «ھۇدۇدۇل ئالەم»

يالقۇن مەمەتيار

(شىنجاڭ سانائەت ئىنىستىتۇتى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىدىن)

سامانىيلار خانلىقى دەۋرى (899 ـ 1005) دە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. خانلىق پايتەختى بولغان بۇخارا پۈتكۈل خانلىقتىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ يىغىلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان سورۇنىغا ئايلاندى. ئەمدىگىنە ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلغان پارس ـ تاجىك تىللىق خەلقلەر ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى قەدىرلەش، ھەرخىل ئەسەرلەرنى پارس تىلىدا يېزىش دولقۇنىنى قوزغىدى. نەتىجىدە، ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە تۈرلۈك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. ئوتتۇرا ـ ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭغا ئائىت مۇھىم بايانلار كىرگۈزۈلگەن تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ئەسەر «ھۇدۇدۇل ئالەم» (ئالەمنىڭ چېگرىلىرى) دەل مۇشۇ دەۋردە يارىتىلغان ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر.

مەزكۇر ئەسەرنىڭ قوليازمىسى 1824 ـ يىلى روسىيىلىك ئالىم مىنورىسكىي تەرىپىدىن بۇخارادىن تېپىلغان بولۇپ، باش ـ ئايىغى ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغان. ئەسەر ئىلىم ساھەسىگە مەلۇم بولغاندىن كېيىن ئاتاقلىق شەرقشۇناس ئالىم بارتولد ۋە ئەنگلىيىلىك ئىرانشۇناس ئالىم مىنورىسكىيلار تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان ھەمدە رۇس ۋە ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسى ۋاڭ جىلەي، جۇ شۇجۇەنلەر تەرىپىدىن ئىشلىنىپ، 1983 ـ يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

قوليازمىدا ئاپتورنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى قەيت قىلىنمىغاچقا، ئەسەر تا ھازىرغا قەدەر نامسىز ئاپتورنىڭ ئەسىرى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. بارتولد ۋە مىنورىسكىيلار ئەسەردىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا ئاساسەن، مەزكۇر كىتابنىڭ مىلادىيە 982 ـ يىلى يېزىلىپ، سامانىيلار خانلىقىدىن ئايرىلىپ قۇرۇلغان فەرىدۇن خانلىقىنىڭ 3 ـ ئەۋلاد خانى ئەبۇل خارىس مۇھەممەت ئىبن ئەخمەتكە تەقدىم قىلىنغانلىقىنى دەلىللەپ چىققان.

«ھۇدۇدۇل ئالەم» دە ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقىدىن ئىبارەت تۇتاش كونا 3 قۇرۇقلۇق ئالەم دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭدىكى دەريا، دېڭىز، ئارال، تاغ تىزمىلىرى، چۆللۈك، قۇملۇقلار بولۇپ غەربتە سۇداندىن شەرقتە جۇڭگوغىچە بولغان ئازكەم 50 دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان.

ئەسەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن شىنجاڭغا ئائىت بايانلار كىشىلەرنى ئالاھىدە قىزىقتۇرىدۇ. ئاپتور ئوتتۇرا ئاسىيالىق بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ رايوندىكى دۆلەت ۋە رايونلار، ھەرخىل قەبىلە، ئۇرۇقلار، تاغ ـ دېڭىز، دەريا، مەشھۇر شەھەرلەر ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەن. بولۇپمۇ ئىلىم ساھەسىگە نىسبەتەن قاراڭغۇ بولۇۋاتقان IX — X ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ تارىخى ۋە توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدە مۇنداق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ زېمىنى «شەرقتە چىن، جەنۇبتا تىبەتنىڭ مەلۇم يېرى بىلەن قارلۇقلارغا تۇتىشىدۇ. غەربىي قىرغىزلارنىڭ مەلۇم يېرىگە، شىمالدا يەنە قىرغىزلارغا تۇتىشىدۇ. . . تۈرك دۆلەتلىرى ئىچىدە بۇ دۆلەتنىڭ زېمىنى ئەڭ كەڭ. توققۇز ئوغۇزلار نوپۇسى ئەڭ كۆپ

قەبىلىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى دەۋردە پۈتكۈل تۈركىستاندىكى پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى توققۇز ئوغۇز ئۇرۇقىدىن چىققانتى». مەلۇمكى ئۇيغۇرلار ئەرەب، پارس مەنبەلىرىدە توققۇز ئوغۇزلار دەپ ئاتالغان. ئورخۇن مەڭگۇ تاشلىرىدىمۇ توققۇز ئوغۇزلار بەزىدە كۆك تۈرك خانلىقىنى تەشكىل قىلغان قەبىلىلەرنى كۆرسەتسە، بەزىدە بىۋاسىتە ئۇيغۇرلار (توققۇز ئۇيغۇرلار) نى كۆرسەتكەن.

دېمەك، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان توققۇز ئوغۇزلار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئۆلىنى قۇرغان ھەمدە دۆلەتنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولغان ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. گەنجۇ ئۇيغۇرخانلىقىنىڭ غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى سودا - سېتىق ۋە ھەرخىل ئىجتىمائىي ئالاقە يولىنى ئىگىلەپ تۇرۇشى، قاراخانىيلار بىلەن ئىدىقۇت ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ئۆچمەنلىك تۈپەيلىدىن ئىدىقۇت خانلىقى جۇملىدىن IX — X ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت ھەققىدە بىزگە يېتەرلىك ۋاستىلىك ماتېرىياللار يېتىپ كېلەلمىگەن. «ھۇدۇدۇل ئالەم» دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر، كەنتلىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بۇ بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان قىممەتلىك ماتېرىياللاردۇر.

«چىنەنكەنت — توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مەركىزى. بۇ ئوتتۇراھال شەھەر. خانلىق ھۆكۈمەت مۇشۇ يەردە بولۇپ چىن بىلەن چېگرىلىنىدۇ. يازدا ئىسسىق، قىشتا سوغۇق بولىدۇ». ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى تافقان (TFQAN) تېغىنىڭ كەينىدە بەش كەنت بار. ئۇلار قۇزارىق (KUZARK)، چۇمۇلكەنت (JMLKATH)، پەنجىكەنت (PANJIKATH)، بارلۇق، جامغار (JAMGHAR) دىن ئىبارەت. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خانى يازدا پەنجىكەنت (بېشبالىق) تە تۇرىدۇ.

«كۇمىد (KHMUD) بۇ يەردە يايلاق بار. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ چېدىر ھەم كىگىز ئۆيلىرى بار. بۇ يەرنىڭ خەلقى قوي باقىدۇ».

«چۇمۇلكەنت (JMLIKATH) چوڭ بىر كەنت. ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى يابغۇ دېيىلىدۇ. ئۇلار ھازىر مۇقىم ئولتۇراقلاشتى. يابغۇنىڭ يۇقىرىلىرى (بۇ يەردىكى يابغۇ قارلۇقلارنىڭ يابغۇسىنى كۆرسەتمەيدۇ) قىماقلار، قارلۇقلار، ياغمىلار بىلەن بۇ جاينى دائىم تالىشىدۇ».

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي، غول قەبىلىلىرىدىن بولغان ياغمىلار ھەققىدە مۇنداق بايانلار قالدۇرۇلغان: «شەرقتە توققۇز ئوغۇزلارغا، جەنۇبتا 胡兰根 (خۇلەنگېن) دەرياسىغا تۇتىشىدۇ. بۇ دەريا كۇچا دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. غەربتە قارلۇقلارغا قوشنا. ئۇلارنىڭ قاغانى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قاغانى بىلەن بىر قەبىلىدىن. ياغمىلاردا ئۇرۇق ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بەزىلەر 1700 دەك ئۇرۇق بار دەپ قارايدۇ...».

ياغمىلارنىڭ شەھەر، بازارلىرى:

«قەشقەر — چىنغا تەۋە. ئەمما ياغما، تىبەت، قىرغىزلار بىلەن چىن ئارىلىقىدىكى چېگرىغا جايلاشقان. قەشقەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ئەزەلدىن قارلۇق ۋە ياغمىلاردىن بولۇپ كەلگەن».

«ئارتۇچ — ياغمىلارنىڭ بىر قىشلىقى. ئاھالىسى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە يىلان كۆپ بولغاچقا، خەلقى بۇ يەرنى تاشلاپ كەتكەن».

«KHNIRMK — بىر چوڭ كەنت. خەلقى ئاتۇشلۇقلار. بۇ يەردە 3 خىل تۈركلەر بار. ئۇلار ياغما قارلۇق ۋە توققۇز ئوغۇزلاردىن ئىبارەت».

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا قوشۇلغان چوڭ قەبىلە قارلۇقلار ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

«قارلۇقلار شەرقتە تىبەتلەرنىڭ بىر قىسىم جايلىرى ئارقىلىق ياغما ۋە توققۇز ئوغۇزلار چېگرىسىغا، جەنۇبتا ياغمىلارنىڭ مەلۇم يېرى ئارقىلىق ماۋەرائۇننەھىر رايونىغا، غەربتە ئوغۇزلار چېگرىسىغا، شىمالدا تۈركەش، چىگىل ۋە توققۇز ئوغۇزلار بىلەن تۇتىشىدۇ. قارلۇقلار زېمىنى ئاۋات ماكان بولۇپ، تۈرك زېمىنلىرى ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل جاي ھېسابلىنىدۇ. قارلۇقلار مەدەنىيەتلىك خەلقتۇر. مېھماندوست ھەم چىقىشقاق كېلىدۇ. قارلۇقلارنىڭ خانى يابغۇ دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوۋچىلىق، بەزىلىرى دېھقانچىلىق قىلىدۇ».

قارلۇقلارنىڭ بىر قىسىم شەھەر، بازارلىرى:

«تۇز بۇلاق — بىر يېزا بولۇپ، ئېتىز - ئېرىق ۋە مەشھۇر جايلىرى بار. بۇ يەر ياغمىلار بىلەن قارلۇقلار چېگرىلىنىدىغان جايدا».

«تۇزۇن ئارت — تۇزۇن ئارتنىڭ ئەتراپىدا تۇز كۆل بار. 7 قارلۇق ئۇرۇقى بۇ جايدىن تۇز ئالىدۇ»*

«بارسغان — كۆل بويىدىكى ئاۋات ھەم گۈزەل بازار. ئۇنىڭ خانى قارلۇقلاردىن بولسىمۇ، لېكىن توققۇز ئوغۇزلارغا قارايدۇ».

«تامغار (TAMGHAR) — قارلۇق دۆلىتىدىكى كىچىك بىر يېزا بازىرى بولۇپ، چۆلنىڭ چەت ياقىسىغا جايلاشقان. بۇ جاي ئىلگىرى قارلۇقلارغا قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىر توققۇز ئوغۇز دۆلىتىگە تەۋە».

«بىنجول (BNJUL) — قارلۇق دۆلىتىدە. ئىلگىرى بۇ يەرلەر توققۇز ئوغۇزخانىغا تەۋە ئىدى. ھازىر قىرغىزلار ئىگىلىۋاپتۇ».

چىگىللەر توغرىسىدا: «بۇ دۆلەت ئەسلىدە قارلۇقلارغا قارايتتى. ئەمما ئۇ ئەسلىدىنلا ئاھالىسى كۆپ دۆلەت. بۇ ئەلنىڭ شەرقى ھەم جەنۇبى تۈركەشلەر رايونىغا، شىمالى قىرغىز دۆلىتىگە تۇتىشىدۇ. چىگىللەرنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان شەھەر، بازارلىرى يوق دېيەرلىك... چىگىللەرنىڭ بەزىلىرى قۇياش ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدۇ. ئۇلار مۇلايىم ھەم ئاقكۆڭۈل كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ خانى ئۇلارنىڭ بىر ئەزاسى».

شىنجاڭنى مەركەز قىلىپ ئولتۇراقلاشقان يۇقىرىقى قەبىلىلەر ئەسەر يېزىلغان مەزگىلدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپتور ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇشقا تىرىشقان. بۇ ھەقتە بارتولد «بۇ ناھايىتى قىزىقارلىق ئەسەر، ئۇنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا تۈركلەرنىڭ زېمىنى ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكىدىنمۇ تەپسىلىي سۆزلەنگەن. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەيرىي مۇسۇلمان رايونلىرى سۆزلەنگەن» دېگەنىدى.

بارتولد ۋە مىنورسكىيلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئاپتور ئەسەردە بايان قىلغان دۆلەت، رايون ۋە قەبىلىلەرنى ئۆزى ساياھەت قىلىپ يازغان بولماستىن، بەلكى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ يېزىپ چىققان. شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك قىسىملارنى يېزىشتا ئورخۇن ئۇيغۇرخانلىقى يىمىرىلىشنىڭ ئالدى - كەينىدە شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەن ئەرەب ساياھەتچىلىرىدىن ئىبن خۇردادبىھ①، تامىم ئىبن بەھر②، ئەبۇدۇلەف مىسار③ قاتارلىقلارنىڭ خاتىرىلىرىدىن پايدىلانغان. مانا مۇشۇ سەۋەبلىك «ھۇدۇدۇل ئالەم»دە ئورخۇن ئۇيغۇرخانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن قۇرۇلغان قامچى ئۇيغۇرخانلىقى، ئىدىقۇت خانلىقى ۋە قاراخانىيلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىلمىگەن. بىراق شۇ دەۋردىكى ياغما، قارلۇق، چىگىل، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى ھەققىدىكى خاتىرىلەر كېيىنكى 3 خانلىقنىڭ جۈملىدىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئېتنىك ئاساسىنى تەشكىل قىلغان خەلق ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى قىممەتلىك ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ھەقتە ۋاڭ جىلەي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەسەردە قاراخانىيلار سۆزلەنمەيدۇ. قاراخانىيلارخانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىش بۇ ئەسەرنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس. بۇ ئەسەردە تونۇشتۇرۇلغان ھەر قايسى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئەھۋالى شەك - شۈبھىسىزكى، بىزنى قاراخانىيلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئائىت قىممەتلىك ئارقا كۆرۈنۈش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەيدۇ»④.

بۇلاردىن باشقا، ئەسەرنىڭ 9-، 11- بابلىرىدىكى «چىن» ۋە «تىبەت» كە دائىر قىسىملىرىدا شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن.

«كۇچا — چېگرىدىكى رايون. توققۇز ئوغۇزلار داۋاملىق بۇ يەرگە بېسىپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ. بۇ شەھەردە نۇرغۇن مەشھۇر جايلار بار».

«كۆغمار** (KUGHMR) — بۇ يەردە نۇرغۇن بۇتخانىلار بار. بۇ تاغقا يېقىن مەشھۇر جاي».

«ئۇدۇن — ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى جاي. ئاھالىسىنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتى خام يىپەك. ئۇدۇن ۋاڭى شانۇ - شەۋكەتلىك بولۇپ، ‹تۈرك ۋە تىبەتلەرنىڭ قاغانى› دەپ ئاتالغان. ئۇ چىن بىلەن

تىبەت چېگرىسىدا تۇرىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ 70 مىڭ قىران ئەسكىرى بار. ئۇدۇندىكى ھەر قايسى دەريالاردىن قاشتېشى چىقىدۇ».

«تۇسمەت (TWSMT) * * * — بۇ يەر ئىلگىرى چىنغا تەۋە ئىدى. ھازىر تىبەتلەر ئىگىلىۋالدى. بۇ يەردە تىبەت خانىنىڭ ئارمىيىسى بار».

«غازا (GHZA) — كۇچا دەرياسى ئەتراپىدا بولۇپ، تىبەتلەر بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ يېرى تۇتاشقان جايدا».

بۇ مەلۇماتلار تىبەتلەرنىڭ غەربىي يۇرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، بىر قىسىم جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىغا ئائىت ئۇچۇرلاردۇر.

دېمەك، «ھۇدۇدۇل ئالەم» گەرچە بارتولد ۋە مىنورىسكىيلار ئېيتقاندەك بىر جۇغراپىيىۋى ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن IX — X ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە قىممەتلىك تارىخىي ئەسەردۇر.

ئىزاھلار:

① ئىبىن خوردادبېھ IX ئەسىرنىڭ بېشىدا تۇرپان رايونىغا ساياھەتكە بېرىپ «يوللار ۋە ئەللەر» دېگەن ساياھەت خاتىرىسىنى يازغان.

② تامىم ئىبىن بەھر 821 ـ يىلى ئەتراپىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغا سۇنغىچە ساياھەت قىلىپ بارغان ئەرەب سەيياھى. ئۇنىڭ ساياھەت خاتىرىسىنىڭ بىر قىسمى ئەخمەت زەكى ۋەلىدى توغان تەرىپىدىن تېپىلىپ ئېلان قىلىنغان.

③ مىسار، تولۇق ئىسمى ئەبۇدۇلەف مىسارئىبىن مۇخەلخىل. بۇ كىشى X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گەنجۇ ئۇيغۇرخانلىقىغىچە ساياھەت قىلىپ بارغان. ئۇنىڭ ساياھەت خاتىرىسىنىڭ بىر قىسمى خەنزۇچە ئېلان قىلىنغان.

④ «ھۇدۇدۇل ئالەم» خەنزۇچە نەشرى 27 ـ بەت.

* تۇزبۇلاق ۋە تۇزۇن ئارتلار قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

* * خوتەننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر جاي.

* * * خوتەننىڭ جەنۇبىدا.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

---

(بېشى 32 ـ بەتتە)

ئەمما بۇ پۇلغا بىر سۇگەن كۆمۈر كەلمىگەن (كۆمۈرچىگە بىر سۇگەن پۇلنى بەرگەندە كۆمۈرچى پۇلنى ئالماي كۆمۈرنى قايتۇرۇۋالغان).

1949 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاستانىدا ئوغۇللار ۋە قىزلار مەكتەپلىرىنىڭ ھەربىرىدە 7 دىن سىنىپ بولۇپ، ئوغۇل ئوقۇغۇچى 290گە، قىز ئوقۇغۇچى 270كە يەتكەن. 1952 ـ يىلىغا كەلگەندە قىز ـ ئوغۇللار بىر مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولغان، مەكتەپ «ئاستانا مەركىزىي مەكتەپ» دەپ ئاتالغان.

بۇ ماقالىنى يېزىشتا پېشقەدەم مائارىپچى ئۇستازىم مۇقىت شېرىپى مېنى ئاساسىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. مۇقىت شېرىپى 1939 ـ يىلدىن بېرى ئاستانىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ۋە مەكتەپلەردە مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى بىلەن تاكى 1983 ـ يىلغىچە شۇغۇللانغان، 10 نەچچە يىل ئاستانا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان.

تەھرىرلىگۈچى: جەمىلە ئابلا

# تۇرپان ئاستانا يېزىسىدا يېڭى مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى

مەخمۇت ئىلياس

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

ئاستانا يېزىسى تۇرپان بازىرىنىڭ 30 كىلومېتىر شەرقىگە، يالقۇنتاغنىڭ 5 كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان، شەرق تەرىپى ئىدىقۇت خارابىسىگە تۇتىشىدۇ. يېزا ئاھالىسى ئاساسەن ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان. 1950 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىدە يېزىدا 1000 ئائىلىلىك 5500 نوپۇس بولغان. 1949 - يىلدىن ئىلگىرى ئاستانا يېزىسى ئەتراپىتىكى قوشنا يېزىلاردىن پەرقلىق ھالدا بىر مەمۇرىي بازار ھېسابلىناتتى، ئاھالىسى ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

ئاستانىنىڭ يېڭىچە مائارىپى 1910 - يىلدىن كېيىن باشلانغان.

ئەينى يىللاردىكى يېزا بايلىرىدىن بولغان مۇھىتلار جەمەتىنىڭ 2 - ئوغلى مەقسۇت مۇھىتى 1910 - يىلدىن باشلاپ تىجارەت ئىشى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەمەي، قازان شەھەرلىرىگە بارىدۇ، ئۇ يەرلەردە يەرلىك زىيالىيلار بىلەن تونۇشىدۇ؛ ئۇلارنىڭ مەسلىھەت ۋە ئىلھام بېرىشى بىلەن مەقسۇت مۇھىتى ئۆز يۇرتىدا مەكتەپ ئېچىپ، ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش قارارىغا كېلىدۇ. 1913- يىلى مەقسۇت مۇھىتى قازانلىق تاتار زىيالىي ھەيدەر ئەپەندى سايرانىنى تەكلىپ قىلىپ ئاستانىگە ئېلىپ كېلىدۇ ۋە تېزدىن تۇتۇش قىلىپ بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئاچىدۇ. بۇ مەكتەپ «مەكتەبى مەقسۇدىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شەرقىي شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان تۇنجى يېڭىچە مەكتەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەكتەپتە ئاستانا، قارغوجا يېزىلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا يەنە تۇرپان بازىرى، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، پىچان، لۈكچۈن قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ تەلىم ئالغان. بۇلار 3 يىل ئوقۇپ 1917- يىلى 1 - تۈركۈمدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن.

بۇ 3 يىل جەرياندا مەقسۇت مۇھىتى ۋە ھەيدەر ئەپەندى يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا، «جەدىت» نامى بىلەن قىلىنغان تۆھمەت - ھاقارەتلىرىگە قارىماي، زور غەيرەت بىلەن ئىزچىل تىرىشىپ ئىشلىگەن. مەكتەپتە ئانا تىلى، ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ، تەبىئەت، ئەسىر سائادەت (مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمىھالى)، تەنتەربىيە، ناخشا قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن. مەكتەپتە ئابدۇررەسۇل قەييۇمى، دۇگامەت خۇدىيارى، قۇربان سەئىدى، ئابدۇللا پەرسا، ئاببas نەجىبى قاتارلىق 40 ئوقۇغۇچى تەلىم ئالغان.

1917 - يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، مەقسۇت مۇھىتى تىجارەت ۋە زىيارەت ئىشلىرى بىلەن موسكۋاغىچە بېرىپ ئۇ يەرلەردە يەنە بىر قىسىم زىيالىيلار بىلەن تونۇشقان. بۇ ۋاقىت دەل موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بىر تۈركۈم قازانلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مەزگىلى ئىدى، مەقسۇت مۇھىتى ئۇلارغا شىنجاڭغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن. ئۇلاردىن مۇھىببۇللا ھۇببۇلى، ئەلى ئىبراھىم، ھېسام باۋىن، شاھى شەرەپ، يەھىمى ۋە گۈلەندەمدىن ئىبارەت 6 زىيالىي ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، مەقسۇت مۇھىتىنىڭ خىراجىتى بىلەن

شىنجاڭغا كەلگەن. مەقسۇت مۇھىتى ئۇلاردىن 3 كىشىنى ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ ۋە چۆچەكلەرگە ئورۇنلاشتۇرغاندىن باشقا، ئەلى ئىبراھىمنى تۇرپان بازىرىغا، مۇھىببۇللا بىلەن گۈلەندەمنى ئاستانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، 2 - قېتىملىق مەقسۇدىيە مەكتىپىنى تەشكىل قىلغان. مەقسۇت مۇھىتى مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئاۋىستەيىنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇلارنى تۇرمۇش خىراجىتى بىلەن تەمىنلىگەن ھەمدە ئۇ ئىككىسىنىڭ توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىللە ئۇلارغا يەنە ئۆز ھويلىسىدا مەخسۇس ھۇجرا ئۆي جابدۇپ بەرگەن.

مەقسۇت مۇھىتى شۇ قېتىم يەنە ئاستانىدا بىر قىزلار سىنىپى تەشكىل قىلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، يەرلىك خەلقنىڭ قىزلىرىنى مەكتەپكە بېرىشنى خالىمىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىغان. نەتىجىدە گۈلەندەم ئاۋىستەي كىچىك ھۇجرىدا مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ قىز ۋە كېلىن - كوتىلىرىنىلا ئوقۇتۇش بىلەن چەكلەنگەن.

2 - قېتىملىق مەقسۇدىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇتقۇچىغا ھەر ئايدا بىر سەر تەڭگە تۆلەپ تۇرغان. مەكتەپكە كېرەكلىك باشقا خىراجەتلەرنى مەقسۇت مۇھىتى ئۆز يېنىدىن چىقىم قىلغان.

مۇھىببۇللا ئەپەندى 1921 - يىلى كېسەل بىلەن ئاستانىدا ۋاپات بولغان (قەبرىسى ھازىر ئاستانا يېزىسىدىكى ئەلپاتتاخان غوجام چوڭ قەبرىستانلىقىدا)، گۈلەندەم ئاۋىستەي ئوغلى پاتىخ بىلەن تۇل قالغاندىن كېيىن، يەنە بىر مەزگىل ئىشلەپ، 1922 - يىلى ئۈرۈمچى ئارقىلىق چۆچەككە كەتكەن، چۆچەكتە تاكى 1955 - يىلغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

مۇھىببۇللا ئەپەندىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يەنى 1923- يىلى مەقسۇت مۇھىتىنىڭ ئاغىسى مۇسۇل ھاجى ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان مەقسۇدىيە مەكتىپىنىڭ ئاستانىلىق تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىسى ئابباس نەجىبنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ، ئاستانىدا بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئاچقان. 2 يىلدىن كېيىن بۇ مەكتەپ تاقىلىپ كەتكەن.

ئايرىم كىشىلەرنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، ئەڭ دەسلەپ 1911 - يىلى ھۆكۈمەت تەرەپ ئاستانىدا خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇلىدىغان بىر سىنىپلىق مەكتەپ تەشكىل قىلغانىكەن. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە بۇ مەكتەپ «شۆتاڭ» دەپ ئاتالغان، ھەربىر مەھەللىدىن بىردىن بالا مەجبۇرىي ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلىنغان؛ مەشق (مەڭلىك شېيىخ) ئاكا دېگەن كىشى ئوقۇتقۇچى بولغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى پۈتۈنلەي خەنزۇچە پاسوندا بولۇپ، ئۇلارغا ئۇزۇن بىر تال چاچ قويدۇرۇلۇپ بېشىغا پۆپۈكلۈك قارا دوپپا، ئۇچىسىغا ئۇزۇن قارا چاپان كىيدۈرۈلگەن. مەكتەپ تۇڭچى (تەرجىمان) يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. بۇ مەكتەپتە كېرەمشاھ تۇڭچى، ئابدۇل بوساق، ھوشۇر پۇرچاق، روزى شېيىخ، مۇخپۇل خەلپە قاتارلىق 40 ئوقۇغۇچى 2 يىل ئوقۇپ ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتكەن. بەزى كىشىلەر بۇ مەكتەپنى تۇرپان بازىرىدا ئېچىلغان دېيىشىدۇ؛ ئۇندىن باشقا بۇ مەكتەپنى دەسلەپ ئاستانىدا ئېچىلىپ كېيىن تۇرپان بازىرىغا يۆتكەپ كېتىلگەن دېگۈچىلەرمۇ بار.

1930 - يىللاردا ئاستانىدا مائارىپ ئىشلىرى ئومۇملىششقا قاراپ يۈزلەنگەن.

1931 - يىلى مەقسۇت مۇھىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تۇنجى قارار مەقسۇدىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولغان ئاستانىلىق كىشىلەردىن ئابدۇرۇسۇل قەييۇمى، دۆلەت خۇدىيارلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىدا ئاستانىدا بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئاستانىدا سىرتتىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلگەن. بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار 1950 - يىللاردىن كېيىن شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بۇ مەكتەپتە ئابلىز شېرىپى، ئىسمايىل ھېۋزۇللا، ئەيسا نىياز، ئابلىمىت مۇھىتى، ئابدۇراھمان مۇھىتى، قادىر ھەسەن قاتارلىقلار ئوقۇغان.

1931 - يىلى مەقسۇت مۇھىتى ئۆز ئوغلى ئەنۋەر بىلەن قېيىنئىنىسى قاسىم پەرسانى تۆگە

كارۋىنىغا قوشۇپ تيەنجىنگە ئوقۇشقا ماڭدۇرغان. بۇ ئىككەيلەننى بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئاستانىدىن تۈنجى بولۇپ چوڭ شەھەرلەرگە ماڭغان كىشىلەر دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. لېكىن ئۇلار تيەنجىنگە يېتىپ بارالمىغان، لەنجۇغا يېتىپ بارغاندا ماجۇڭيىڭنىڭ ئۇلارنى سارايدىن ئىزدەپ تېپىپ ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا چىقىش سەپىرىدە قوشۇلغا قايتۇرۇپ كېلىپ خوجانىياز ھاجىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

1932- يىلى ئاستانىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەندە مەقسۇدىيە مەكتىپىنىڭ ئاخىرقى قارار (1931 - يىللىق) ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى مەھمۇت مۇھىتىغا ئەگىشىپ قەشقەرگە كەتكەن، 1934 - يىلى بۇ ئوقۇغۇچىلاردىن 20 سى تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دارىلفۇنۇنىغا ۋە باشقا مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا بارغان.

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، 1934 - يىلى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاستانىدا قايتىدىن بىر سىنىپلىق مەكتەپ تەشكىل قىلىنغان؛ ئوقۇتقۇچىلىقنى دۇگامەت خۇدىيارى ئۈستىگە ئالغان. بۇ چاغدا مەقسۇت مۇھىتى ۋاپات بولغان، مەھمۇت مۇھىتى بىلەن موسۇل ھاجى مۇھىتىلار قەشقەردە تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، مەكتەپ خىراجىتىنى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى مۇھىتىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىسى ئابدۇللا پەرسا (مەقسۇت مۇھىتىنىڭ قېيىنئىنىسى) تەمىنلەپ تۇرغان؛ شۇ چاغدا يەنە ئاستانىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن 1935 - يىلى تەشكىل قىلىنغان بىر سىنىپلىق مەكتەپ بار ئىدى، 1935 - يىلىنىڭ ئاخىرى 1936 - يىلىنىڭ بېشىدا دۇگامەت ئەپەندىنىڭ سىنىپى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاستانىدا 6 يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغان (6 يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدە 1 - سىنىپتىن 4 - سىنىپقىچە «ئىپتىدائىي سىنىپ»، 5 -، 6 - سىنىپلار «رۇشتى سىنىپ» دەپ ئاتالغان). مۇشۇ چاغدا ئىمىر خوجا، تۇرسۇن ۋاھىدى قاتارلىق بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار يېڭىدىن سەپكە قوشۇلغان.

1934 - يىلى ئاستانىدا بەش قىشلاق بىۋاسىتە تارماق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىنغان، 6 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپنىڭ سىنىپ سانى تەدرىجىي كۆپىيىپ بارغان. 1936 - يىلى ئاستانىدا 2 سىنىپلىق تۇنجى قىزلار مەكتىپى تەشكىل قىلىنىپ، قىزلار مەكتەپتە ئوقۇمايدىغان تارىخقا خاتىمە بېرىلگەن. قىزلار مەكتىپىنىڭ ئورنى ئابدۇرۇسۇل قەييۇمنىڭ قورۇسىدا بولۇپ، ئۇلارغا گۈلەندەم ئاۋستەينىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولغان مەقسۇت مۇھىتىنىڭ قىزى پاتەمخان، ئابدۇرۇسۇل قەييۇمنىڭ ئايالى ئايشەمخانلار ئوقۇتقۇچى بولغان؛ ئوقۇغۇچىسى 60 قا يەتكەن.

مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئاستانا، جۈملىدىن تۇرپان تەۋەسىدە ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك جىددىي مەسىلە بولۇپ قالغان. 1937 - يىلى تۇرپان ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاستانا بىۋاسىتە تارماق ئۇيۇشمىسىنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن ئاستانىدا قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلغان. كۇرسقا تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن بولۇپ 50 ئوقۇغۇچى قاتناشقان. كۇرس ئوقۇتقۇچىلىقىنى دۇگامەت خۇدىيارى، ئابدۇرۇسۇل قەييۇمى ئابدۇرېھىم توختىنىياز ئەپەندىلەر ئۈستىگە ئالغان. كۇرس خىراجىتى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ راسخوتىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەمىنلىگەن، كۇرس تاماملانغاندا كۇرسانتلار تۇرپان، توقسۇن، پىچاندىن ئىبارەت 3 يۇرتقا تەقسىملىنىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئاستانە تارماق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بەش قىشلاق تەۋەسىدە تارقاق ھالدا مەكتەپ ئاچقان. شۇ چاغدا سىنىپ سانى تەدرىجىي كۆپىيىپ 32 گە يەتكەن. مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن ھەر ئايدا 2، 3 كۈرە بۇغداي ۋە مەلۇم ئۆلچەمدە پۇل بېرىلگەن.

1935 - يىلى خوجانىياز ھاجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاستانىدا بىر خەنزۇچە ئوقۇتۇش سىنىپى

ئېچىلغان، پىچان تويۇقلۇق ساۋۇت شاڭيۇرى دېگەن كىشى ئوقۇتقۇچى بولغان (كىشىلەر بۇ ئادەمنى «ساۋۇت لوسى» دەپ ئاتاشقانىكەن، ئۇ تويۇقتا ئۈيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ تۇرۇپ قالغان شاڭ فامىلىلىك گۇرۇكەش خەنزۇ كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاپىسى تويۇقلۇق ئۇيغۇر ئايال ئىكەن). خەنزۇچە ئوقۇتۇش سىنىپىنىڭ خىراجىتىنى بىر يىلغىچە خوجانىياز ھاجى ئۆز يېنىدىن بېرىپ تۇرغان، كېيىن بۇ سىنىپ ھۆكۈمەت تەمىناتىغا ئۆتكەن. 1939 - يىلغا كەلگەندە خەنزۇچە ئوقۇتۇش توختىتىلىپ، بۇ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتىلىدىغان سىنىپقا قوشۇۋېتىلگەن. 1936 - يىلدىن كېيىن ئاستانىدا شەخسلەرنىڭ مەكتەپ ئېچىش ئىشى ئاخىرلاشقان.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى مەكتەپتە ئوقۇغان تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلار 1940 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ 1 - تۈركۈمى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ماڭغان. بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان يېشى چوڭراق ئوقۇغۇچىلار 1940 - يىلدىن بۇرۇنلا ئۈرۈمچىدىكى تېخنىكۇم، دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇغان. شۇ چاغدا ئابلىمىت شېرىپى، رەجەپ توختى، كارامەت ئىسلام، ئەيسا يۇسۇپ، يۇسۇپ ئىلياس قاتارلىقلار ئوقۇغان.

1935 - يىلدىن كېيىن ئېچىلغان سىنىپلاردا ئاساسەن قازان ۋە ئۇفالاردا بېسىلغان پەننىي ۋە دىنىي كىتابلار دەرسلىك قىلىپ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، تىل - ئەدەبىيات، ئىلمى ھال (دىن دەرسى)، ھېساب، جۇغراپىيە، تەبىئەت، نابا تات (بوتانىكا)، تارىخ، ئەسىر سائادەت، ئەششپائىيە (ئەرەب تىلى دەرسى)، تەنتەربىيە، ناخشا ۋە رەسىم قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن. مەكتەپلەردە يىللىق ئىمتىھان ئاتا - ئانىلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئېغىزچە ئېلىنغان. ئوقۇغۇچىلار يېزا مۆتىۋەرلىرى قاتناشقان ئوچۇق سورۇندا چەك تارتىپ چەكتىكى سوئاللارغا ئوقۇتقۇچى ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئالدىدا جاۋاب بەرگەن. نەتىجىسى ياخشى ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيۇشما مۇكاپات بەرگەندىن باشقا يەنە سودىگەر، بايلارمۇ سوۋغا تەقدىم قىلغان. ئىمتىھان مەزگىلىدە ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ ئوقۇتقۇچىلارغا ھەرخىل كىيىملىك رەختلەرنى سوۋغا قىلغان.

1937 - يىلغىچە ئېچىلغان مەكتەپ ئۆيلىرى، ئاساسەن، شەخسلەرنىڭ قورۇلىرىدا بولغان. مەقسۇت مۇھىتىنىڭ قورۇسى يېنىدا كۆپ ھۇجرىلىق مۇكەممەل بىر مەدرىسە مەكتىپىنىڭ ئۆيلىرى بار ئىدى، بۇ مەكتەپنى تاشكەنتتىن شىنجاڭغا كېلىپ تىجارەت بىلەن بېيىغان مەرىپەتپەرۋەر زات - مەنسۇرجان باي 1922 - يىللىرى سالدۇرغان بولسىمۇ، مەدرىسە مەكتىپى بىلەن مەسچىت بىر تۇتاش ھالدا بىر قورشاۋ تامنىڭ ئىچىدە بولغانلىقتىن، ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۇچۇن ئىشلىتىلمەي كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ مەدرىسىدە مەيدان بولمىغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىمكانىيەت بولمىغان.

1937 - يىلى ئاستانا ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ئۇيۇشما رەئىسى ھەسەن ئەلمىيوفنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاستانىدا (ھازىرقى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىدا) 8 سىنىپلىق مۇنتىزىم مەكتەپ قۇرۇلغان. مۇشۇ چاغدا سىنىپلارنى سېلىشتا بىر باي بىر سىنىپ سېلىپ بېرىش چارىسى قوللىنىلغان. مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىن مۇنتىزىم مەكتەپ تۈزۈمى شەكىللەنگەن. شۇ چاغدا قۇرۇلغان بۇ مەكتەپ ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئۆي مۇئەسسەسلىرى تاكى 1982 - يىلغىچە يەنى سىنىپ تاملىرىغا دەز كەتكەنگە قەدەر ئىزچىل ئىشلىتىپ كېلىنگەن (1982 — 1984 - يىللىرى بۇ مەكتەپ خىشتىن قايتا سېلىندى).

1940 - يىللارنىڭ باشلىرىدا مائارىپ ئىشلىرى روناق تاپقان، ئوقۇغۇچى سانىمۇ بارغانسېرى كۆپەيگەن. ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپتە كۈندۈزى بالىلارنى تەربىيىلىسە، كەچلىكى چوڭلارنىڭ ساۋاتىنى چىقارغان. مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە مۇقىم ۋاسكىتبول گارى ۋە تورنىك قاتارلىق تەنتەربىيە مۇئەسسەسلىرى بولۇپ، بۇ جاي ئوقۇغۇچىلار ھەم چوڭلارنىڭ ھەرخىل تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن

شۇغۇللىنىدىغان مەركىزىي سورۇنى بولۇپ قالغان.

بۇ مەكتەپتە يەنە ئەپچىل بىر تىياتىر سەھنىسى ياسالغان، بۇ سەھنە ئۆزىنىڭ گىرىمخانىسى ۋە سىنىپ ئۆيلىرى بىلەن قورشالغان بولۇپ ئۈستى ئوچۇق كۇلۇب شەكلىنى ئالغان. بۇ سەھنىدە ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئۇيۇشما خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن «سانائىي نەفىسە» ھەرخىل كونسېرت، كومېدىيە، دراممىلارنى ئويناپ تۇرغان. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئادەتتە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مەسئۇل بولۇپ تەشكىللىگەن، مائارىپ ۋە مەدەنىي مەشغۇلات چىقىملىرىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى خەلقتىن ئۆشرە - زاكات يىغىش، ئىئانە توپلاش، قۇربانلىق قويىنىڭ ئۆچەي، تېرىلىرىنى يىغىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ھەل قىلغان.

ئەينى يىللاردا مەكتەپتە ئىشلىتىلىدىغان بورنى ئوقۇتقۇچىلار تاغدىن سىگىرتاش ئەكەلدۈرۈپ ئۆزلىرى ياسىغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش قوراللىرى سامان قەغەز، تاشتاختا، قېرىنداش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان.

مەدەنىيەت - ئاقارتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئاستانىدا كۇلۇب سېلىشقا توغرا كەلگەچكە، ئاستانا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقى بىلەن كۇلۇب سېلىش ئۈچۈن، مەكتەپكە ئاراتام بولغان ئاستانا مەركىزىي مەدرىسەنىڭ چەتتىكى كونا ئۆيلىرىنى چېقىشقا كىرىشكەن، ئەمما تورپان ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گونىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئاستانىدىكى بىر نەچچە كىشى بىرلىشىپ ئاستانا ئاخۇنىنىڭ مۆھۈرىنى باستۇرۇپ يۇقىرىغا ئەرز سۇنغان. نەتىجىدە شىڭ شىسەينىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن گوجۇيجاڭ 1940 - يىلى ئاۋغۇستتا ئۇيۇشما رەئىسى ھەسەن ئەلىيوف، باش كاتىپ ئابدۇلبېتىپ باقى، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاسىم ھابىللارنى قولغا ئالغان، ئۇلار شۇ كەتكەنچە شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە يوقالغان.

شۇ چاغدا ئاستانىدا ئەسلىدىكى قىزلار سىنىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان بىر مۇنتىزىم قىزلار مەكتىپى بار بولۇپ، بۇ مەكتەپكە 1944 - يىلى ئۈرۈمچىدىن ئەخلىمە، مۇنەۋۋەر، مۇبارەك قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار كەلگەن. ئۇلار قىز ئوقۇغۇچىلارغا رەشىلىيە ئىشلەش، كەشتە بېسىش، تور توقۇش، تىككۈچىلىك قاتارلىق قول ئىشلىرىنى ئۆگەتكەن. قول ئىشلىرىنى ئۆگىتىش ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا يەنە شۇ چاغلاردا ئاستانىدا تۇرۇۋاتقان رەشىدە خانىم (بۇرھان شەھىدىنىڭ ئايالى) مۇ يېقىندىن ياردەمدە بولغان.

1944 - يىلى ۋۇ جۇڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن بازار باھاسى قالايمىقانلىشىپ پۇل پاخاللىقى ئېغىرلىشىپ كەتكەن، خىيانەتچىلىك كۈچىيىپ، ئوقۇتقۇچىلار ئۆز ئىش ھەققى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن: بىتىم يىللىرى يەكەن گارنىزونىنىڭ قوماندانى چۇ فاڭگاڭ تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان، ل. مۇتەللىپنىڭ ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندىكى ساۋاقدىشى ئەنۋەر يۇسۇپ ئەينى چاغدا ئاستانىدا ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ، ئەتىگەندە مەكتەپتە دەرس ئۆتسە، چۈشتىن كېيىن تويلاردا ناغرا چېلىپ، كاۋاپ سېتىپ، كەچتە بۆز توقۇپ كۈنىنى تەستە ئۆتكۈزگەن. مائارىپ ئىشلىرى چېكىنىشكە باشلىغان. ۋۇجۇڭشىن دەۋرىدىكى پۇل پاخاللىقى مەسئۇت سەبرى رەئىس بولغان چاغلاردىمۇ داۋام قىلغان. ئوقۇتقۇچىلار بىر نەچچە ئايدا بىر قېتىم ئىش ھەققى ئالالىغان. ئاستانا مەكتەپنىڭ كاسسىرى ئابدۇرازاق نىياز ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە 9 نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ 3. ئايلىق ئىش ھەققىنى ئالغىلى بېرىپ، بانكىدىن پۇل ئالغاندىن كېيىن، پۇلنى كۆتۈرەلمەي مەپە كىرا قىلىپ تورپان بازىرى يېڭىشەھەردىن كوناشەھەرگە ئېلىپ كەلگەن، كىرا ھەققىنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن ئاشقان پۇلغا خورجۇننىڭ بىر تەرىپىگە سوپۇن، يەنە بىر تەرىپىگە پىنتوزا ئېلىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلارغا تارقىتىپ بەرگەن. مەكتەپ ئىشچىسى تاشپولاتنىڭ 3 ئايلىق ئىش ھەققى 30 مىليون دوللارغا ئاران بىر بولاق سەرەڭگە كەلگەن. ئوقۇتقۇچى سايىتقا بىر ئايلىق ئىش ھەققى ئۈچۈن بىر سوگەن (ئېشەككە ئارتىلىدىغان قوش سىۋەت) پۇل كەلگەن بولسىمۇ،

(ئاخىرى 27 - بەتتە)

# ھۇنلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ئۈستىدە مۇلاھىزە

مو رېننەن

بەزىلەر «قەدىمكى ھۇنلاردا ھېچقانداق ئىجتىمائىي تۈزۈم بولمىغان، ئۇلار ئائىلىنى بىرلىك قىلىپ ئات، كالا، قوي ۋە تۆگە، ئېشەكلەرنى ھەيدەپ يۈرۈپ، يايلاقتا كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى» دەپ قارايدۇ. ھۇنلارنى چېچىلاڭغۇ بەدىۋىلەر توپى دەپ قاراش قەدىمكىلەرنىڭ بىر تەرەپلىمە كۆزقارىشى ئىدى. بەزى تارىخچىلار بۇ خىل قاراشقا ۋارىسلىق قىلماقتا. مەزكۇر ماقالەمدە ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى ھەمدە ھۇنلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ بەلگىلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزمەكچىمەن، بۇلار ھۇنلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيەتلىك بولسا كېرەك.

## 1. ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى

ھۇنلار مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا چارۋا - مال بېقىپ كۆچۈپ يۈرۈپ ياشىغان مىللەت بولۇپ، شيا سۇلالىسى دەۋرىدىن چۇنچيۇ، يېغىلىق دەۋرلىرىگىچە ئىپتىدائىي ئۇرۇق جەمئىيىتى مەزگىلىدە تۇرغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 209 - يىلى سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ دۆلەت قۇرغان.

ھۇنلارنىڭ ھەربىي قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلىتىدە ئۇرۇق، قەبىلە تەشكىلاتلىرى ئۇزۇن مەزگىل ساقلىنىپ كەلگەن. ھۇنلار «چېدىر» نى ئاساسىي بىرلىك قىلاتتى. بۇ يەردىكى «چېدىر» كىگىز ئۆينى كۆرسىتىدۇ. «كېيىنكى خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە، «چېدىر جۇڭگودىكى ئائىلە بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى». بىرقانچە «چېدىر» بىر بارگاھنى تەشكىل قىلاتتى. بىرنەچچە بارگاھ بىر ئۇرۇقنى تەشكىل قىلاتتى. بىرقانچە ئۇرۇق بىر قەبىلىنى تەشكىل قىلاتتى. بىرقانچە قەبىلە قوشۇلۇپ بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلاتتى. ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئۆز قەبىلىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايتتى، ئۆزىگە قاراشلىق چېدىرلارغا باشلامچىلىق قىلىپ بىرلىكتە كۆچۈپ يۈرۈپ مال - چارۋا باقاتتى. كۆچۈش يوللىرى ۋە يايلاقلار قەبىلىلەر بويىچە ئايرىلاتتى. ھەربىر قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا زېمىنى بولاتتى («كېيىنكى خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»). ھەرقانداق بىر ياخشى يايلاقمۇ ھەددىدىن زىيادە ئات، كالا، قوي ۋە تۆگىلەرنى سىغدۇرۇپ كېتەلمىگەچكە، ھەرقايسى ئۇرۇق، قەبىلىلەر ئۆزلىرىگە تەۋە يايلاق دائىرىسىدىلا ياشاشقا مەجبۇر ئىدى. ئەگەر باشقا قەبىلىلەرنىڭ يايلىقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرسە ماجىرا يۈز بېرىپ، قوراللىق توقۇنۇش پەيدا بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەككە ئائىلىلەرنىڭ كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ ھىمايىسى بولمىسا، ھەرۋاقىت ياۋلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى مۇمكىن ئىدى ياكى بولمىسا تەبىئىي ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ھايات كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالاتتى. بەزىلەر ھۇنلارنىڭ ئۇرۇق تۈزۈمى تۆرىلەر بىلەنلا چەكلەنگەن، «ئادەتتىكى چارۋىچىلار ۋە قۇللاردا پەقەت ئائىلىلا بار بولۇپ ئۇرۇق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى»، چۈنكى «ئادەتتىكى چارۋىچىلارنىڭ ئۇرۇقداشلىقى كۆچمە چارۋىچىلىق ۋە ئۇرۇشنىڭ بېسىمى بىلەن ئائىلىلەرگە پارچىلىنىپ كېتەتتى ياكى ئۇ چارۋىچىلار يەككە - يىگانە ھالدا ھەرقايسى جايلاردا ئېقىپ يۈرەتتى» دەپ قارايدۇ. بۇلارمۇ ئاساسى يوق گەپ. بىر قىسىم ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ ئەزالىرى

ئۇرۇشنىڭ تەسىرىدە چېچىلىپ، يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ قالسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەسلىدىكى ئۇرۇق ياكى قەبىلىسىگە قايتىپ كېلىشكە تىرىشاتتى. تارىخنامىدە خاتىرىلىنىشىچە: ئىچمىغسە تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنلىرىدىن ۋېي چىڭ، خو چۈيبىڭلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكىلەر تارقاپ كېتىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن قايتىپ كېلىپ، «قايتىدىن قوۋم بولۇپ ئۇيۇشىدۇ» («خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»)، بۇ دەل شۇنىڭ مىسالىدۇر. چېچىلىپ كەتكەن چارۋىچىلار ئەسلىدىكى ئۇرۇق، قەبىلىلەرگە قايتىپ كېلىشكە ئامالسىز بولسا، بويسۇندۇرغۇچىلار ياكى باشقا قەبىلىلەرنىڭ تەركىبىگە ئۆتۈپ، يېڭى ئۇرۇق، قەبىلە تەشكىللىگەن.

باتۇر تەڭرىقۇت ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىغا نىسبەتەن بىر يۈرۈش مەمۇرىي، ھەربىي ئورگانلارنى قۇرغان. ھۇن يىگىتلىرىنى «چەۋەنداز» لار قوشۇنى قىلىپ تەشكىللىگەن. تەخمىنەن بىر چېدىردىن بىردىن چەۋەنداز (ئاتلىق ئەسكەر) بولۇپ، 10 «چېدىر» دىن بىر بارگاھ تەشكىللىنەتتى ھەم ئۇلارغا بىر ئونبېشى يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئونبېشى ھەم ئاساسىي قاتلامدىكى ھەربىي ئەمەلدار ھەم بىر بارگاھنىڭ مەمۇرىي باشلىقى ھېسابلىناتتى. تەخمىنەن 10 بارگاھتىن 100 چەۋەنداز تاللىنىپ، ئۇلارغا يۈزبېشى رەھبەرلىك قىلاتتى، يۈزبېشى ئۇرۇقنىڭ مەمۇرىي، ھەربىي باشلىقى ھېسابلىناتتى. 10 ئۇرۇقنىڭ چەۋەندازلىرىدىن 1000 ئاتلىق ئەسكەر چىقاتتى، ئۇلارغا مىڭبېشى رەھبەرلىك قىلاتتى. مىڭبېشىمۇ قەبىلىنىڭ مەمۇرىي، ھەربىي باشلىقى ھېسابلىناتتى. 10 قەبىلىنىڭ چەۋەندازلىرىدىن بىر تۈمەن چەۋەنداز تەشكىللىنەتتى، ئۇلارغا تۈمەن بېشى (خان) يېتەكچىلىك قىلاتتى، ئۇلار قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ مەمۇرىي، ھەربىي باشلىقى ئىدى. مودۇ (باتۇر تەڭرىقۇت) ھەرقايسى قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەندە ئۇنىڭ قول ئاستىدا 24 تۈمەنبېشى (خاقان) بار ئىدى. ئۇ ھۇنلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەمۇرىي، ھەربىي ئاقساقىلى ئىدى. بۇ خىل مەمۇرىي، ھەربىي تەشكىلى قۇرۇلما توغرىسىدا، «تارىخنامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە ناھايىتى ئېنىق مەلۇماتلار بار. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، باتۇر تەڭرىقۇت «ئوڭ تۇغ قان، سول تۇغ قان، سول قول قان، ئوڭ قول قان، ئوڭ چوڭ سەركەردە، سول چوڭ سەركەردە، ئوڭ چوڭ تۇتۇقبەگ، سول چوڭ تۇتۇقبەگ، ئوڭ تۇتۇنبەگ، سول تۇتۇنبەگ، ئوڭ قۇتبېگى، سول قۇتبېگى تەسىس قىلدى... بۇلار ئومۇمەن 24 باشلىق بولۇپ، بۇلارنىڭ قوشۇنلىرى «تۈمەن چەۋەنداز» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ 24 باشلىقنىڭمۇ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا تەسىس قىلغان مىڭبېشى، يۈز بېشى، ئونبېشى، كىچىك قان، ۋەزىر، تۇتۇقبەگ، تۇتۇن بېگى، قۇتقۇبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بولاتتى. بەگلەرنى تەڭرىقۇت تەيىنلەيتتى. ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ئەمەلىي ھوقۇق ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە، تەۋەسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ پەرقلىنەتتى («كېيىنكى خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»). بۇلارنىڭ ئىچىدە سول قۇۋا تۇغ قاننىڭ ھوقۇقى ھەممىدىن چوڭ ئىدى، مىڭبېشىدىن تۆۋەن بولغان ئوتتۇرا - تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇرىي، ھەربىي باشلىقلارنى ھەرقايسى بەگلەر تەيىنلەيتتى. باتۇر تەڭرىقۇت ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ھەم باشقۇرۇشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزىگە تەۋە بولغان كەڭرى زېمىننى ئوڭ، ئوتتۇرا، سول دەپ 3 چوڭ مەمۇرىي، ھەربىي رايونلارغا بۆلگەن. مەركىزىي قىسىمنى ئۆزى بىۋاسىتە باشقۇرغان. سول تەرەپكە سول تۇغ قان، ئوڭ تەرەپكە ئوڭ تۇغ قان ھۆكۈمرانلىق قىلغان. «تارىخنامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە «ھەرقايسى سول قانات بەگ، سەركەردىلەر شەرق تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، تەۋە زېمىنى توپ - توغرا شاڭگۇ ۋىلايىتىگىچە باراتتى، شەرقتە خۇيخې، چاۋشيەنلەر بىلەن تۇتىشاتتى. ئوڭ قانات قانلار غەرب تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، زېمىنى شاڭجۈن ۋىلايىتىنىڭ غەربىدىكى توخرى، دى، چياڭلار بىلەن

ئۆتتىشاتتى. تەڭرىقۇتنىڭ ئوردىسى بولسا دەيجۇن، يۈنجۇڭ ۋىلايەتلىرىگە ئۇدۇل جايلاشقانىدى». ھۇنلارنىڭ مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ بۇنداق ئوڭ، ئوتتۇرا، سول دەپ ئايرىلىشى ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىن دېرەك بەرمەيتتى. چۈنكى چوڭ ھوقۇق يەنىلا تەڭرىقۇتنىڭ قولىدا بولۇپ، ئوڭ قانات، سول قانات بەگ، سەركەردىلەر ئۇنىڭ ئەمرى ۋە پەرمانىغا بويسۇناتتى. ئېنگىلس مۇنداق دەيدۇ: «دۆلەتنىڭ قەدىمكى ئورۇق تەشكىلىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ (دۆلەت) نىڭدا پۇقرالار رايونلار بويىچە ئايرىلىدۇ». ھۇنلار گەرچە قەدىمكى ئورۇق، قەبىلە شەكلىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، پۇقرالارنى رايونلار بويىچە بۆلۈپ باشقۇرغانلىقى ناھايىتى روشەن، مانا بۇ دەل دۆلەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ بىر ئالامىتى.

ھۇنلار دۆلەت ھاكىمىيىتىدە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي، ھەربىي ئورگانلاردىن سىرت يەنە مەركەزدە ھەرقايسى ۋەزىر، بەگلەردىن تەركىب تاپقان تۆرىلەر قۇرۇلتىيى تەسىس قىلغان. بۇ قۇرۇلتاي يىلدا 3 قېتىم چاقىرىلىپ، چوڭ - چوڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلار مۇزاكىرە قىلىناتتى. «ھەر يىلى نورۇز ئېيىدا ھۇن باشلىقلىرى تەڭرىقۇتنىڭ ئوردىسىدا باش قوشۇپ نەزىر - چىراغ قىلاتتى. 5 - ئايدا تاۋاپگاھ (خەنزۇچە لۇڭچېڭ) غا يىغىلىپ چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، ئاتا - بوۋىلىرى، ئاسمان - زېمىن، ئەرۋاھلارغا سېغىنىپ تاۋاپ قىلاتتى. كۈزدە ئاتلار سەمرىگەندە ئورمان سەيلىسى ئۆتكۈزەتتى («خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»). قەدىمدە نەزىر - چىراغ بىلەن سىياسىي پائالىيەتلەر بىر - بىرىگە زىچ بىرلىشىپ كەتكەنىدى. ئالاھىدە جىددىي ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە تەڭرىقۇت يەنە ۋاقىتلىق يىغىن ئاچاتتى. تۆرىلەر قۇرۇلتىيى ئەسلىدە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمىدىكى قەبىلە ئاقساقاللىرى يىغىنىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان بولۇپ، ئەينى يىللىرى ئۇنىڭدا قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق چوڭ ئىشلىرى توغرىسىدا قارار چىقىرىش ھوقۇقى بولاتتى. قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئاقساقاللىرىمۇ شۇ قۇرۇلتايدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقاتتى. شۇ ۋاقىتلاردىكى تۆرىلەر قۇرۇلتىيى گەرچە تەڭرىقۇتقا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ، ھوقۇق كۈرىشى داۋامىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئادەتتە تەڭرىقۇتنىڭ مەسلىھەت بېرىش ئورگىنىدىن ئىبارەت ئىدى. «تارىخنامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، توڭگۇسلار ھۇنلارنى بوزەك ئېتىپ ئۇلاردىن تۇمەنخاندىن قالغان تۇلپارنى سوراپ باتۇرغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ. باتۇر تۆرىلەر قۇرۇلتىيى ئېچىپ، مەسلىھەت سالغاندا بارلىق ئەمەلدارلار: «تۇلپار ئات ھۇن ئېلىنىڭ تەۋەررۈك ئېتى، بېرىلمىسۇن» دېيىشىدۇ. توڭگۇسلار ھۇن تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسىنى بەرسۇن دېگەندە، مەنسەپدارلار غەزەپلىنىپ: «توڭگۇسلار يولسىزلىق قىلىپ ئالچى سوراپتۇ، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەيلى» دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. بىراق باتۇر تەڭرىقۇت بۇلارغا قۇلاق سالماي، تۇلپار ۋە ئالچىنى توڭگۇسلارغا بېرىۋېتىپتۇ. بۇ قارار باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ توڭگۇسلارنى بىخۇتلاشتۇرۇش ھىيلىسى بولسىمۇ، تۆرىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ سىياسىي ئىشلاردا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنىڭ قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تەڭرىقۇتنىڭ ۋارىسىغا كەلسەك، ۋارىسلىق ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالاتتى، تۆرىلەر قۇرۇلتىيىدا سايلانمايتتى.

ھۇنلارنىڭ مەمۇرىي، ھەربىي ئىشلىرىغا مەسلىھەت بېرىدىغانلار قاتارىدا تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسى بار ئىدى. «خەننامە، ھۇنلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ھۇنلار پىڭ چېڭ شەھىرىدە ليۇ باڭنى قورشىۋالغاندا، ليۇباڭ تەرەپ ئالچىغا پارا بېرىدۇ. باتۇر تەڭرىقۇت «ئالچىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، قورشاۋدىن بىر بۆلۈكنى ئېچىپ بەرگەن»، شۇنداق قىلىپ ليۇ باڭنى قاچۇرۇۋەتكەن. يەنە بىر خاتىرىگە قارىغاندا، قوغشار تەڭرىقۇت ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ساكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، يېڭى تەڭرىقۇت تەيىنلەش توغرىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈلگەن، كېڭەشكە ئاقىل ئالچى بىلەن چوڭ ئالچى قاتنىشىپ، تەڭرىقۇتقا پىكرىنى بايان قىلىشىدۇ. تەڭرىقۇتنىڭ ئەتراپىدا يەنە بىر تۈركۈم

«باخشى» لار بولۇپ، ئۇلار نەزىر - چىراغ پائالىيىتى ئارقىلىق ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشاتتى. شۇنداقلا ئۇلار مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر» دە خاتىرىلىنىشىچە، خەن سۇلالىسى قوشۇن چىقىرىپ ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، تەڭرىقۇت بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «باخشىلارنى ھەرقايسى يول ۋە دەريالارغا قوي، كالىلارنى كۆمدۈرۈپ، ھۇجۇمغا كېلىۋاتقان چېرىكلەرنى قاغاشقا بۇيرۇغان» («خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»). يەنە «خەننامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، سەركەردە ۋېيلۈي قالدۇرۇق سانغۇن* لى گۇاڭلى بىلەن مەنسەپ تالىشىپ قالغاندا، تۇڭگۇس باخشىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن، «تۇڭگۇسلار ئىلگىرى ھەربىي نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزگەن چاغلىرىدا، دائىم قالدۇرۇق سانغۇن قولىمىزغا چۈشۈپ قالسا، ئۇنى قۇربانلىق قىلىمىز دېيىشەتتى، ئەمدى نېمىشقا شۇنداق قىلمايدۇ؟ دەپ ئاۋال تەڭرىقۇتنىڭ چىشىغا تەگكەن». مانا بۇنىڭدىن «باخشىلار» نىڭ رولىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

تەڭرىقۇتنىڭ ئوردىسىدا مەخسۇس مۇھاپىزەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان قاراۋۇل نەۋكەرلەر تەشكىلى بار ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر» دە خاتىرىلىنىشىچە، ھۇن مەنسەپدارلىرى قاتارىدىكى كەپتاۋۇل، كاھبەگ، تۇتۇقبەگ دېگەندەك مەنسەپلەرنى بەزىلەر خۇاشيالار (يەنى خەنزۇلار) دىكى مەنسەپلەردىن ئۈلگە قىلىپ قوللانغان دەپ قارايدۇ. كەپتاۋۇل (كىچىك ئىشىك ئاغىسى) مەخسۇسلا خانىنىڭ تۇرالغۇسىنى قوغدايدۇ ھەم جەڭلەرگىمۇ قاتنىشىدۇ. تۇتۇق بەگ «ياردەمچى ئەمەلدارلارنى، ھەربىي مەنسەپدار ۋە چېرىكلەرنى باشقۇرىدۇ» («خەننامە. مەنسەپ ۋە ئەمەللەر ئىسمىلىكى»). كەپتاۋۇل، كاھبەگ (تۇتۇقبەگ) نىڭ جىق ياكى ئاز بولۇشى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، تەڭرىقۇتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قوغداپ تۇرىدىغان مەخسۇس پاسىبانلار ۋە قورۇقچىلار تەسىس قىلىنغان. «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە، تەڭرىقۇت ئوردىسىدا نامدار بەگلەردىن تارتىپ، ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك خادىملار 200 دىن كۆپرەك بولاتتى». مانا بۇ نۇرغۇن «خادىم» تەڭرىقۇتنىڭ خاس نەۋكەرلىرى ئىدى.

ھۇنلار ھاكىمىيىتى پۇقرالارغا ئالۋان سېلىپ باج يىغاتتى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە ھۇنلار ھەر يىلى كۈزدىكى چوڭ مەرىكىدە نەزىر - چىراغ قىلىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى كېڭەشكەندىن سىرت يەنە «ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ھېسابى ئېلىناتتى يەنى مەرىكىدە ھەرقايسى قەبىلىلەردىكى نوپۇس ۋە چارۋىچىلارنىڭ كۆپىيىش ۋە ئازىيىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلاردىن ئېلىنىدىغان باج ۋە ئالۋان - سېلىقنىڭ سانى بېكىتىلەتتى. سىماچيەننىڭ ئېيتىشىچە، «تەڭرىقۇتنىڭ قۇتبەگلىرى ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشىغا ياردەملىشەتتى». بۇ گەپنى شۈي فۇيۈەن مۇنداق شەرھىلىگەن: «قۇتبەگ تەڭرىقۇتنىڭ يېقىن ۋەزىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا قەبىلىلەر بولمايدۇ (ھېچقانداق قەبىلىگە ھۆكۈمرانلىق قىلمايدۇ). لېكىن سۆيۈرغال قىلىپ بېرىلگەن زېمىنى بار» («تارىخىي خاتىرىلەر» دىكى ئىزاھاتلار توغرىسىدا تەتقىقات» 110 جىلد). ئەمدى زېمىنىمۇ، ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئەلىمۇ بولمىغان قۇتبەگلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ «ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ياردەملىشىشى» باج - سېلىق يىغىش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. خەن ۋېندى زامانىسىدا يەن بەگلىكىدىن ھۇنلارغا ئەل بولغان جۇڭ خاڭيۈ «تەڭرىقۇتقا سول قول، ئوڭ قول تەرەپلەرنى تۈرلەرگە بۆلۈپ دەپتەرگە ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئاممىدىن باج يىغىۋېلىشنى ئۆگەتكەن» (تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى). بۇ يەردىكى خەنزۇچە «疏记» دېگەن سۆز (تۈرلەرگە بۆلۈپ دەپتەرگە ئېلىش) دېگەن مەنىدىكى سۆز ئىدى. بەزىلەر ھۇنلارنىڭ ئوردىسىدا ئوڭ، سول قول دەپتەرچى بەگلەر

* قالدۇرۇق سانغۇن — ئالدىنقى دەۋردىن خىزمەتتە قالدۇرۇلغان كونا سانغۇن.

(疏计) تەيىنلەنگەن» دېيىشىدۇ. ھۇنلارنىڭ باج - سېلىق تۈزۈمى بىر قەدەر ئاددىي، قوپال بولۇپ، جۇڭ خاڭيۈ خەن بەگلىكىدىكىلەرنىڭ باج - سېلىق يىغىشتىكى ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلىرىنى ھۇنلارغا ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ باج - سېلىق تۈزۈمىنىمۇ تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرگەن.

سوت بىلەن تۈرمە دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ھۇنلار تۆرىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، قانۇندا مۇنداق بەلگىلىگەن: «تىغ (پىچاق) بىلەن كىشىنىڭ بىر غېرىچتىن ئارتۇق يېرىنى زەخىملەندۈرگۈچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. ئوغرى ئۆيگە ئوغرىلىققا كىرگەن بولسا، جىنايىتى يېنىكلەرنىڭ ئۇشۇقى چېقىلىدۇ. جىنايىتى ئېغىرلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ». يەنە بىر خاتىرىگە قارىغاندا، ھۇنلار «چەۋەنداز» لارنىڭ جەڭ قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، «ئېرىشكەن غەنىيمەتلىرىنى ئۆزىگە بېرىش، قولغا چۈشكەن ئادەملەرنى قۇل قىلىش» نى بەلگىلىگەن. «خەننامە. ۋاڭ ماڭ تەزكىرىسى» دە مەزمۇنى ئېنىق بولمىغان بىر قانۇن (يەنى قۇش ۋە مەرۋايىتلارنى تەڭرىقۇتقا قالدۇرۇش قانۇنى) مۇ قەيت قىلىنغان. ھۇنلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىشتا سوت ۋە تۈرمىلىرىمۇ بولغان. «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە ئېيتىلىشىچە، باشقا ئۇرۇقتىن بولغان بەگلەردىن قۇيانلار سول قول، لانلار ۋە شۇيبۇلار ئوڭ قول بەگ بولۇپ، دەۋا - دەستۇر، سوراق ۋە تۈرمىگە ئالاقىدار ئىشلارنى باشقۇراتتى. جىنايەتچىلەرنى قامايدىغان قاماقخانىلار بار ئىدى. لېكىن «قاماق مۇددىتى 10 كۈندىن ئاشمايتتى. پۈتۈن دۆلەت بويىچە مەھبۇس بىرنەچچىدىن ئاشمايتتى. بۇنداق بولۇشىنى كۆچمە چارۋىچىلىقنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن بولۇپ، ھۇنلار يېزا ئىگىلىك دۆلەتلىرىدىكىدەك قاماق جازاسىنى ئەڭ مۇھىم جازا ۋاستىسى قىلىپ قوللانمايتتى. ھۇنلارنىڭ مەھبۇسلارنى قاماشتا ئىشلىتىدىغان قوراللىرى ۋە مەھبۇس ھارۋىسى بار ئىدى. «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ھۇنلاردىن چېن لياڭ، جۇڭ دەي قاتارلىق خائىنلارنى خەن خانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆتۈنگەندە، «تەڭرىقۇت بۇ تۆتەيلەننى ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى كاللا كېسەرلەردىن تارتىپ خوتۇن - بالىلىرىغىچە 27 كىشىنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ، قوللىرىغا كويزا، پۇتلىرىغا ئىشكەل سېلىپ، مەھبۇسلار ھارۋىسىغا قاماپ كەلگەن ئەلچىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرگەن».

ھۇنلارنىڭ باشقا قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ھۇنلار ئۆزلىرىنىڭ مۆتىۋەرلىرىنى خەن سۇلالىسىغا ئەۋەتىپ تۇراتتى»، «ھەرەمبېگى شى X فېڭنى مەكتۇپ بىلەن ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن»، رەھمەت ئېيتىپ يوگەن ئەۋەتكەن»، «ياساقبەگلەرنى رەھمەت - تەشەككۈرلەرنى بىلدۈرۈشكە ئەۋەتىپ تۇراتتى» («تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى») دە ئەنە شۇنداق خاتىرىلەر بار. ھۇن تەڭرىقۇتىمۇ ئۆز ئوردىسىدا چەت ئەللەردىن كەلگەن ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلاتتى. بۇنداق سورۇنلارغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ئەمەلدارلار «ساھىبخان» دەپ ئاتىلاتتى (خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»). مېھمانلارنى كۈتۈۋالغاندا زىياپەت بېرىلەتتى. زىياپەتتە شائىرلار شېئىر ئوقۇيتتى. ھەزىلكەشلەر ئويۇن كۆرسىتەتتى⑥. بۇ ئىشلار ئەسلىدىنلا بىرەرسىنىڭ باشقۇرۇشىغا مۇھتاج ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە» قاتارلىق كىتابلاردىكى ھۇنلارغا ئائىت بايانلاردا تەڭرىقۇتنىڭ خەن خانلىقى ئوردىسىغا يازغان دىپلوماتىك ئالاقىنامىلىرى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. بۇ ئالاقىلەرنىڭ سۆز - جۈملىلىرى مەغرۇر ھەم جايىدا بولۇپ، بۇلارنىڭ ماھىر قەلەمكەشلەرنىڭ قولىدىن چىققانلىقىدا گەپ يوق. ئۇنىڭدىن باشقا، خەن ئوردىسى بىلەن غەربىي يۇرت ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى تىل - يېزىق ئالاقىلىرىدا تەرجىمە ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرىمۇ مەخسۇس كەسپىي خادىملارغا مۇھتاج ئىدى. «خەننامە. خۇشامەتچىلەر تەزكىرىسى» دە «تەڭرىقۇت دۆڭشيەننى كىچىك (گەپنى

چۈشەنمەپتۇ) دەپ تىلماچلاردىن سورىدى» دېگەندەك خاتىرىلەر بار. «زېمىن تەۋەلىكىنى ئايرىش دەستۇرى» دا «خەن خاندانلىقى بىلەن ھۇن خاندانلىقى قۇت بىتەرچى باسقان. . . » دېگەن گەپلەر بار. بەزىلەرنىڭ تەھقىقلەپ ئىسپاتلىشىچە «قۇت بىتەرچى» دېگەن سۆز دىپلوماتىك ئالاقىنامىلارنى يازىدىغان، تەرجىمە قىلىدىغان، خۇش قەلەم بىلەن كۆچۈرىدىغان مۇلكىي خادىم ئىكەن. ھۇنلارنىڭ تاشقى بۆلۈملىرىدە شۇنداق مۇلكىي خادىم ناھايىتى كۆپ بولسا كېرەك.

ھۇنلار ئىستىلا قىلىنغان قەبىلە ۋە دۆلەتلەرگە باشقىچە سىياسەت قوللىناتتى. شىرۇ، پۇلۇي دېگەن ئىككى قەبىلە خەلقى «زودى» (سول يەر) ۋە ئوڭ ئاۋۇدى (ئوڭ ئەسكى يەر) دېگەن جايلارغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلۈپ، ھۇن بەگلىرى تەرىپىدىن بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغان ۋە قۇل قىلىنغان. بۇنداق ئەھۋال ناھايىتى ئاز بولغان. كۆپ ساندىكى ئىستىلا قىلىنغان دۆلەتلەردە ئۇلارنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتى ۋە رەھبەرلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا يول قوياتتى. ھۇنلار پەقەت ۋاكالەتچىلەرنى ئەۋەتىپ ئۇلارغا نازارەتچىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ بېقىندىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلغۇزاتتى.

ھۇنلار ئۆز ئېلىنىڭ ئىچىدە قۇللار، ئادەتتىكى پۇقرالارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ قۇلدارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدايتتى. سىرتتىكى قارام بېقىندى ئەللەرنى تالان - تاراج قىلىپ، ھەرقايسى ئەللەردىكى خەلقلەرنىڭ قارشىلىقىنى باستۇراتتى. ئۇلار ئارمىيە، سوت، تۈرمە قاتارلىق دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى قۇرغانىدى. ئېنگلس ئېيتقان دۆلەت، قەبىلىلەرنىڭ ئىككىنچى تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئوخشايتتى. يەنى ئۇلاردا «ئۆزلۈكىدىن قوراللىق كۈچ بولۇپ ئۇيۇشىدىغان ئاھالىلەرگە بىۋاسىتە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان»، «ئاممىۋى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى» شەكىللەنگەنىدى. غەربتىكى بەزى كىشىلەر ھۇنلاردا دۆلەت بار - يوقلۇقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. «ئۇلار پەقەت ھەربىي دېموكراتىيە باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىدى» دەپ قارايدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى بۇ خىل قاراش پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

**2. ھۇنلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكى**

ھۇنلارنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتى ھۇن قۇلدار تۆرىلىرىنىڭ ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشلىرى داۋامىدا قۇرۇلغان بولغاچقا، دەسلەپىدىلا تۆرىلەرنىڭ دىكتاتۇرىزم خاراكتېرىنى ئالغانىدى. بۇ ھۇنلار ھاكىمىيىتىنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئىلىم ساھەسىدە قەدىمكى شەرقتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى تۆرىلەر دىكتاتۇرىسى ھەققىدىكى بەس - مۇنازىرىلەر قىزىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل پىكىر بار. بىرىنچى خىلى، قەدىمكى شەرق دۆلەتلىرىدىكى ھەرقايسى تۆرىلەر دېكتاتۇرىسى چوڭ دەريا - ئېقىنلار ۋادىسىدىكى ئېكىنزارلىق مەدەنىيىتى سۇ ئىنشائاتىغا مۇھتاج، ھالبۇكى، سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇلۇشىدا مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بولمىسا بولمايدۇ. ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى جەزمەن تۆرىلەر دىكتاتۇرىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا تۆرىلەر دىكتاتۇرلىقىدىكى سىياسىي تۈزۈم شەرق دۆلەتلىرىدە ئەزەلدىن بار ئىدى. بەزى كىشىلەر بۇ خىل قاراشقا قارشى پىكىردە بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە قەدىمكى تۆرىلەر دىكتاتۇرلىقىدىكى ئىمپېرىيە شەرق ھەم غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا بولۇپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى قۇللۇق جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۈرەشلەرنىڭ كۈنسايىن كەسكىنلىشىكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. دىكتاتۇرىچىلىق مەدەنىيەت دەۋرى باشلانغاندىلا پەيدا بولغان ئەمەس. مەيلى غەرب ياكى شەرق بولسۇن، ھەممىسىلا كىچىك بەگلىكلەردىكى قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر جۇمھۇرىيەتلىرى ياكى قۇلدارلار دېموكراتىيىسىدىكى شەھەر دۆلەتلىرى باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. «قۇللۇق تۈزۈمىدىكى شەھەر دۆلىتى» باسقۇچى قەدىمكى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەر بېسىپ ئۆتىدىغان باسقۇچتۇر. مانا شۇنىڭدىن كېيىنلا دىكتاتۇرچى ئىمپېرىيىلەر شەكىللەنگەن. مېنىڭچە،

بۇ ئىككى خىل قاراش ئوخشاشلا بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە. بۇلارنىڭ ئىككىلىسىدە ياۋروپا، ئاسىيادىكى يايلاق كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ تارىخى نەزەرگە ئېلىنمىغان. ئالدىنقىسىدا چوڭ دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ دىكتاتورىچى دۆلەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى رولى زىيادە تەكىتلەنگەن. ھۇنلار چوڭ قۇملۇقنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ياشىغان، ئۇنداقتا، قانداقمۇ دىكتاتورلىق ئىمپېرىيە تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرەلىسۇن؟ سۇ ئىنشائاتى ۋە سۇغىرىش ئىشلىرى بەزى رايونلاردىكى ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەتنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە باغلىنىشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دىكتاتورىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ زۆرۈر شەرتى ئەمەس، ئىككىنچى خىل قاراشتا، قۇللۇق جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۆرەشنىڭ جىددىيلەشكەنلىكىدىن دېكتاتورا ئىمپېرىيالىزمدىكى ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى چۈشەندۈرۈلگەن. بۇنىڭدىنمۇ ئالدىراپ يەكۈن چىقىرىشقا بولمايدۇ، ھۇنلار ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ كۆچمە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا، سىنىپلار ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، ھوقۇقدار ھۇن تۆرىلىرى ئىچكى جەمئىيەتتە قۇللار ۋە ئاددىي پۇقرالارنى باستۇرسا، سىرتقا نىسبەتەن كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى قوزغاپ، قۇللارنى ۋە بايلىقلارنى بۇلاپ ـ تالىشىمۇ ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەتكە مۇھتاج ئىدى. ھۇن تۆرىلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك غەرىزى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار ئەمدىلا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ، ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈلمىسى شەكىللەنگەندىلا، بۇلاڭچىلىقنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان ئادىتى بار ئىدى. «ئۇلار ناھايىتى روشەن ھالدا ئۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ كەسپى قىلغان» ئىدى («خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»). شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىپايان قۇملۇق، يايلاقلاردا كۆچمە چارۋىچىلىق قىلىدىغان ھۇنلار قار ـ بوران، تومۇز ئىسسىق قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇراتتى. بەزىدە يەنە يات قەۋملەرنىڭ تاجاۋۇزىغىمۇ ئۇچراپ تۇراتتى. ھۇن قۇلدارلىرى ئاجىز چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى تولۇقلاش، تەرەققىي قىلدۇرۇپ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن گۈللەنگەن ـ باياشات ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەربتىكى رايونلارغا كۆز تىككەنىدى. ئۇلارنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرى بىر تەرەپتىن قۇللار ۋە ئاددىي پۇقرالارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەرقايسى قەبىلىلەرنى تەشكىللەپ ۋە قوزغاپ، سىرتقا قارىتا ئىستىلاچىلىق قىلاتتى. ھۇنلارنىڭ دۆلەت قۇرغۇچىسى باتۇر تەڭرىقۇت قورال كۈچى بىلەن ھەرقايسى قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈردى ھەمدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئون نەچچە قەبىلە ۋە دۆلەتنى بويسۇندۇردى. ھۇنلار دۆلىتى شەكىللەنگەن ۋاقىتتا ناھايىتى زور زېمىنغا ئىگە بولۇپ، بەزى شەھەر دۆلەتلىرىگە ئوخشاش بىرقەدەر ئۇزاق تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ، سىنىپىي كۆرەشلەر جىددىيلەشكەندىن كېيىن تۆرىلەر دىكتاتورلىقىدىكى ئىمپېرىيە يولىغا قەدەم قويغان ئەمەس. شەھەر دۆلەتلىرى دىكتاتورلىق تۈزۈمىدىن بۇرۇن بار ئىدى دېگەنگە كەلسەك، شەرق ۋە غەربتىكى ھەرقايسى جايلاردا بىرقەدەر ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈنلەي ئۇنداقمۇ ئەمەس. ھۇنلار ئىزچىل تۆردە تۆرىلەر دىكتاتورىسىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن تۇرسا، ئۇلاردا قاچانمۇ قۇلدارلار دىكتاتورىسى ۋە ياكى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى شەھەر دۆلىتى بولغان بولسۇن؟

ھۇنلاردا سىياسىي تەشكىلاتلار بىلەن ئارمىيە تەشكىلى بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، يېزا ئىگىلىك دۆلەتلىرىدىكىدەك ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئايرىۋېتىلگەن ئەمەس ئىدى. بۇ ھۇنلار سىياسىي تۈزۈمىنىڭ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى، ھۇنلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئۇرۇق، قەبىلە تەشكىلىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق چارۋىچىلارنى تەشكىللەيتتى. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تەسىس قىلىنغان ئونبېشى، يۈزبېشى، مىڭبېشى، تۈمەنبېشى قاتارلىقلار ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلار، شۇنداقلا ھەربىي قوماندانلار ئىدى. ھۇنلاردىن ئىبارەت بۇ بىر پۈتۈن مىللەت بىر غايەت زور ھەربىي گازارما بولۇپ، ئۇنىڭ ئارمىيە بىلەن ھاكىمىيەت ئارىلىشىپ كەتكەن تەشكىلىنى

چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن.

ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى ئەپچىل، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇش مانا بۇ ھۇنلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكى. ھۇنلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي، ھەربىي ئەمەلدارلىرى مەيلى ئادەتتە جەڭ قىلغاندا بولسۇن، ئۆز قەبىلىسىدىكىلەردىن ئايرىلمايدۇ. ئۇلار ئىش بېجىرىشتە، تەڭرىقۇتنىڭ بۇيرۇقىغا باقاتتى. تەڭرىقۇت بىر بۇيرۇق چۈشۈرسىلا، ھەرقايسى ئەمەلدارلار بۇنى ئاڭلاپلا ھەرىكەتكە كېلەتتى. جوڭ خاڭيۈ ھۇنلارنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى ھەققىدە «قائىدە يوسۇنلار ئاددىي بولسا، ئۇنى ئىجرا قىلىش ئاسان بولىدۇ، خان ۋەزىرلەر ئارىسىدىكى ئەدەب قائىدە ئاددىي بولسا، ئىناقلىق ئۇزاق داۋاملىشىدۇ. بۇ يەردە ئەلنىڭ سىياسىي ئىشلىرى بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن» دەيدۇ («خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»).

يايلاق چارۋىچىلىق ئىگىلىكى تۈزلەڭلىك دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئوخشىمايدۇ. كۆچمە چارۋىچى دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمىمۇ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىدىكى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي تۈزۈمىگە ئوخشىمايدۇ. ھۇنلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئۇرۇق، قەبىلە تەشكىلىنى ساقلاپ قالغان. ئارمىيە بىلەن ھاكىمىيەت بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن. ھەربىي دىكتاتورلۇق تۈزۈم ئالاھىدىلىكى بىر قەدەر كۈچلۈك. ئۇنىڭ ھاكىمىيەت تەرەققىياتىنى ھەددىدىن ئارتۇق يۇقىرى مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. لېكىن بەزى ئالىملارنىڭ كۆچمە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەنمەي، ھۇنلارنى تەشكىلسىز ياۋايىلار توپى دېيىشى پۈتۈنلەي خاتا.

«خۇنەن پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1990 - يىللىق 4 - سانىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ھاشىر

① ل. ن. گۇمىلېۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى) «ھۇنلار» (قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا). «موڭغۇل قەدىمكى تارىخ تەتقىقاتى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 1981 - يىل 7 - ئاي 19 - توپلام.

② ماچاڭشۇ: «شىمالىي دىلار ۋە ھۇنلار» 1962 - يىل 3 بىرلەشمە كىتابخانىسى 53 -، 54 - بەتلەر.

③⑧ «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى توپلىمى» 4 - توم، 1972 - يىل، خەلق نەشرىياتى 166 -، 167 - بەتلەر.

④⑤⑦ تاۋ كېشۇ: «فەنشاڭ يىلنامىسى» (ھۇنلار قىسمى)، 1987 - يىل خەلق نەشرىياتى 289 -، 290 -، 297 - بەتلەر.

⑥ ئېدۋارت گىببون: «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇشى» لوندون. 2 - توم، 34 - باب، 432 - بەت.

⑨ چى سىخې: «ۋېنگرىيە پروفېسسورى خاماتنىڭ ‹ئاتتىلا دەۋرىدىكى ھۇنلار جەمئىيىتى› دېگەن ماقالىسى توغرىسىدا»، «تارىخ تەتقىقاتى» 1958 - يىل 1 - سان.

⑩ لياۋ شۆشېڭ: «شەرق مۇستەبىتچىلىكى توغرىسىدا»، «دۇنيا تارىخى» 1980 - يىل 1 - سان.

⑪⑫ «دۇنيانىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخىدىن بايان» 1 - قىسىم، 1979 - يىل خەلق نەشرىياتى 21 -، 27 - بەتلەر.

تەرجىمە تەھرىرى: ئابلىز ئورخۇن

# «ما جوڭيىڭنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

## سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 1 - سانىغا شاكىرىم ئەكرەمنىڭ «ماجوڭيىڭنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ماقالىسى بېسىلدى. بۇ — شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار يېزىلغان، ھەممە كىشى قىزىقىدىغان تېمىدىكى ماقالە بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بىلەن تولغان 30 - يىللار شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئاجايىپ يىللاردۇر. خەلقىمىز ئىچىدە «گاسىلىڭ» دەپ ئاتالغان ما جوڭيىڭ ئەنە شۇ يىللاردا بىر قىسىم يۇقرالارنى قىرغىنچىلىققا سېلىپ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى قالايمىقان قىلغان، ئاخىرىدا ھېچ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ خەلقنىڭ نەپرىتىگە قالغان بىر شەخس بولغاچقا، 60 ياشتىن ئاشقان بوۋايلاردىن ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغانلار ئاز بولسا كېرەك. يېقىنقى يىللاردا مەتبۇئاتلاردا ما جوڭيىڭ ھەققىدە بىرمۇنچە ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. مەن بۇ ماقالەمدە يولداش شاكىرىم ئەكرەمنىڭ «ما جوڭيىڭنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ماقالىسىدە يول قويۇلغان، ئوقۇرمەنلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان بەزى خاتالىقلار ئۈستىدە ئۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋاقىتلىق تۈزىتىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

ماقالىنىڭ بېشىدا «قومۇلدا جىن شۇرېننىڭ بىر لۈي ئەسكىرى تۇرغانلىقتىن، ما جوڭيىڭ قومۇلغا بارماي، ئاۋۋال بارىكۆلگە بېرىپ، قازاقلاردىن ئات، ئۇيغۇر، تۇڭگانلاردىن ئەسكەر ئېلىپ، 36 - شىنىڭ كەم - كۈتىسىنى تولۇقلىۋېلىپ، ئاندىن كېيىن قومۇلنى ئالماقچى بولغان. ئۇلارنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر تاپقان خوجانىياز ھاجى، مەخمۇت شىجاڭلار ما جوڭيىڭنى قارشى ئېلىشقا قومۇلدىن يولۋاسنى ئەۋەتكەن» دېيىلگەن. ئاپتور بۇ يەردە بىرنەچچە خاتالىققا يول قويغان.

1. ما جوڭيىڭ 1 - قېتىم قومۇلغا چىققاندا، يەرلىك قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىكتە قومۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان ھەتتا شەھەر سېپىلى ئاستىدىن يەر ئاستى يولى ئېچىپ شەھەرگە (لوچېڭغا) ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ غەلىبە قىلالمىغان. بۇ ئارىدا جىن شۇرېننىڭ بارىكۆلدە بىر ئاتلىق پولك ئەسكىرى بولغانلىقتىن، ما جوڭيىڭ ئۇرۇش بولۇۋاتقان كۈنلەردە ئۆزىدىكى بىر قىسىم كۈچنى بارىكۆلگە ئەۋەتىپ بارىكۆلنى ئالغان. بارىكۆلدە ئەسىرگە ئېلىنغان جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىدىن بىر قىسمىنى (خەنزۇلاردىن) ئۆزىگە قوشۇۋالغان. ما جوڭيىڭ بارىكۆلدە ئۇيغۇرلاردىن ئەسكەر ئالغىنى يوق. قازاقلاردىن ئات ئالغان ئىشمۇ بولمىغان.

2. قوزغىلاڭ باشلىقلىرىدىن ئابدۇنىياز مىراپ (ئاراتورۇكلۇك) ۋە سالى دورغا (شوپۇللۇق) لار ماجوڭيىڭنى تەكلىپ قىلىشقا يولۋاسنى ئەمەس شاقورمال ۋە ئابدۇرېھىم روزى دېگەن ئىككى كىشىنى بىر تەرجىمان بىلەن ئەۋەتكەن. بۇ 1932 - يىلنىڭ بېشىدىكى ئىش بولۇپ، بۇ كۈنلەردە خوجانىياز ھاجى



تېخى قوزغىلاڭ رەھبىرى ئەمەس، مەخسۇت مۇھىتىمۇ تۇرپاندا ئائىلىسىدىكى (بۇ چاغدا تۇرپاندا قوزغىلاڭ باشلانمىغان) كۈنلەر ئىدى. بۇلار قانداقسىگە ما جۇڭيىڭنى قارشى ئالسۇن؟ ما جۇڭيىڭ 1 - قېتىم 1932 - يىل 5 - ئايدا قۇمۇلغا كېلىپ قۇمۇل، باركۆل، يەتتە قۇدۇق، لياۋدۇڭ ئارىلىقىدا جىن شۇرېنغا قارشى جەڭ قىلغان بولسىمۇ، پۈتى يارىلانغانلىقىنى باھانە قىلىپ پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، غەنىيمەت ئالغان قورال - ياراغلارنى ئېلىپ گەنسۇغا قايتىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېن قۇمۇلغا كۆپلەپ ئەسكەر ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا كىرىشكەن. قوزغىلاڭچىلار قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. شۇ كۈنلەردە يولۋاس بىلەن خوجانىيازھاجى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كۈچەيگەنلىكتىن، خوجانىيازھاجى ھەتتا يولۋاسنى تۇتۇپ ئېلىپ قاماپ قويغاندا، يولۋاس قېچىپ قۇتۇلغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەرگەن. شۇڭا بۇ چاغ يولۋاس بىلەن خوجانىيازھاجىنىڭ مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن ۋاقىت ئىدى. شۇڭا يولۋاس ما جۇڭيىڭ 1 - قېتىم قۇمۇلغا چىققاندا ئۆزىگە قىلغان مۇئامىلىسىنى ئەسلەپ گەنسۇغا ما جۇڭيىڭنىڭ قېشىغا كەتكەن. 1933 - يىل 5 - ئايدا ما جۇڭيىڭ 2 - قېتىم قۇمۇلغا چىققاندا يولۋاسمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قۇمۇلغا قايتىپ چىققان.

ئاپتور ما جۇڭيىڭنىڭ 2 - قېتىم قۇمۇلغا چىقىشى ھەققىدە توختىلىپ «1933 - يىلى ئەتىيازدا ما جۇڭيىڭ 300 چە كىشى بىلەن باركۆلگە كەلگەن، قۇمۇل، باركۆل، تۇرپان باشلىقلىرىدىن خوجانىيازھاجى، مەھمۇت شىجاڭ، ئايەمبەت، نۇرغالى ئۆكىردايلار ئۇلارنى سىبىمىز تاي، قويلىرىنى سويۇپ قارشى ئالغانىدى» دەيدۇ.

ئەمەلىي ئەھۋال مۇنداق: 1. 1933 - يىلى باھاردا ما جۇڭيىڭ 2 - قېتىم شىنجاڭغا چىقتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ شىنجاڭغا چىقىشتىكى جەريانى مۇنداق:

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك يولۋاس گەنسۇغا قېچىپ بېرىپ ما جۇڭيىڭنى تاپىدۇ. كېيىنكى يىللاردا يولۋاس تەيۋەنگە قېچىپ بارغاندىن كېيىن «ئەسلىمە يېزىش» ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنىڭ قۇمۇلدىن «ئەھۋال يەتكۈزۈش ئۈچۈن نەنجىڭگە ماڭغانلىقىنى، ئەنشىگە كەلگەندە ما جۇڭيىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ تەكلىپى بىلەن نەنجىڭگە بارماي، ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ شىنجاڭغا بېرىپ، ئەكسىيەتچى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشكە قاتنىشىدىغان بولغان» لىقىنى يازغان. يولۋاس قۇمۇلدىن ئەنشىگە (ما جۇڭيىڭنىڭ قېشىغا) قېچىپ بارغانلىقىنى قانداقتۇر ئۆزىنىڭ گومىنداڭغا سادىق ئىكەنلىكىگە پاكىت قىلماقچى بولغان. 2. 1932 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرى تۇرپاندا ما شىمىڭ بىر پەي ئەسكەر بىلەن پىچانغا چىقىپ «خوجانىيازھاجى كېلىۋاتىدۇ... قوزغىلايلى» دەپ خەلقنى قوزغىلاڭغا باشلايدۇ. نەتىجىدە ما شىمىڭ (ما شىمىڭ ما جۇڭيىڭنىڭ قۇمۇلدا قالدۇرغان ئادىمى ئىدى) مەھمۇت مۇھىتىلار باشچىلىقىدا 3 ناھىيەدە قوزغىلاڭ بولۇپ، چوڭ غەلىبىلەر قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. بىراق چوڭ كۈچ بىلەن قۇمۇلغا بېرىپ قوزغىلاڭنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتقان شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى 1933 - يىل 3 - ئايدا تۇرپانغا كېلىدۇ. ما شىمىڭ، مەھمۇت مۇھىتىلار قاراشەھەرگە چېكىنىدۇ. تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى تۇرپاندىن مەخسۇت مۇھىتى باشلىق بىر تۈركۈم ئادەمنى خوجانىيازھاجىنى باشلاپ چىقىشقا قۇمۇلغا ئەۋەتىدۇ. قاراشەھەرگە چېكىنىپ بارغانلار ما شىمىڭنىڭ تەكلىپى بىلەن مۇسۇلباي، تاھىربەك، ۋاڭ نىياز (تۇرپانلىق خوپزۇ) قاتارلىقلارنى چۆل يولى ئارقىلىق ما جۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىپ شىنجاڭغا ئېلىپ چىقىشقا ئەنشىگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدۇ. مۇسۇلباي قاتارلىقلار 4 - ئاينىڭ بېشىدا ئەنشى ئەتراپىغا يېتىپ بارىدۇ. ما جۇڭيىڭ شۇ كۈنلەردە شىنجاڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىشنى پىلانلاپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى (ئاساسەن ما شىمىڭنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ كېلىشكە 30 ئەسكەر بىلەن يولۋاسنى چۆل يولى ئارقىلىق شىنجاڭغا يولغا سالغانىدى. يولۋاس يولغا چىقىپ 2 - كۈنىلا يولدا مۇسۇلبايلار ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. يولۋاس مۇسۇلباي قاتارلىقلارنى باشلاپ، ما

جۇڭيىڭنىڭ يېنىغا قايتىدۇ. ما جۇڭيىڭ شىنجاڭنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، تېزدىن 2 - قېتىم شىنجاڭغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. ما شىمىڭ بۇ كۈنلەردە خوجانىيازھاجى، مەھمۇت شىجاڭلار تۇرپان تەرەپتە ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ قۇمۇلدا ما جۇڭيىڭنى قارشى ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقلا ھېچكىممۇ ما جۇڭيىڭنى قارشى ئېلىپ مېھمان قىلمىغان.

ماقالىدا يەنە «كامال، خۇاڭ نىڭۇېن ئەپەندىلەر خەلق ئارىسىدا كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. . . شەرىپقان باشلىق ئالتاي، تارباغاتاي قازاقلىرىغا مۇراجەتنامە ئەۋەتكەن. مۇراجەتنامىدە ياپونىيە بىلەن تۈركىيە قوللاۋاتقان ما جۇڭيىڭنىڭ 36 - شىمىنىڭ شىنجاڭغا كەلگەنلىكى، 36 - شى شىنجاڭدا ‹شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى› نى قۇرماقچى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ياشاۋاتقان بارلىق تۈركىي قېرىنداشلار بۇ ئىشنى قىزغىن قوللاپ، يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولۇشقا چاقىرىلغانىدى» دېيىلگەن.

1933 - يىلىنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا مەتبەئە ئەمەس، شاپىگراپمۇ يوق. «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپمۇ كۆرمىگەن. ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» قۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۆزىنى «ياپونىيە بىلەن تۈركىيە قوللىغان» دېيىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. خۇاڭ نىڭۇېن بىلەن كامال ئەپەندىنىڭ بىرلىكتە مۇشۇنداق بىر مۇراجەتنامىنى يېزىشى ئەقىلغە سىغمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار كىشىلەر بۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمىسە كېرەك.

ماقالىدا «ئايەمبەت رەھبەرلىكىدە باركۆل قازاقلىرىنىڭ بىر ئاتلىق تۈەنى قۇرۇلغان، ما جۇڭيىڭ تۈەنى، خوجانىيازھاجى تۈەنى، ئايەمبەت تۈەنى بىرلىكتە باركۆل ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان. . . باركۆل ئەسكەرلىرىدىن ئېلىنغان غەنىيمەتلەر كېلىشىم بويىچە تەڭ تەقسىم قىلىنمىغانلىقى. . . ، باركۆل ئېلىنغاندىن كېيىن ياخشى تەييارلىق كۆرۈلۈپ، قۇمۇلغا يۈرۈش قىلىنغان» دېيىلگەن.

بۇ گەپلەر توغرا ئەمەس، باركۆلدە بولغان جەڭ ما جۇڭيىڭ 1 - قېتىم قۇمۇلغا چىققاندا بولغان، بۇ يەردە قازاقلاردىن تەشكىللەنگەن پولك، خوجانىيازھاجىنىڭ پولكى دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس، بۇنداق گەپ يوق. ما جۇڭيىڭنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى ما خەيىڭ باشچىلىقىدا باركۆلگە بارغان. باركۆلنى ئالغاندىن كېيىن، باركۆلدە ئازراق ئەسكىرىنى قالدۇرۇپ، قۇمۇلغا قايتقان. باركۆلدە غەنىيمەت ئېلىنغان ھەممە قورالنى ماجۇڭيىڭ ئالغان. باشقىلارغا بىر تالمۇ مىلتىق بېرىلمىگەن.

ماقالىدە يەنە «قۇمۇل گازارمىسىدىن غەنىيمەت ئېلىنغان 500چە مىلتىق ئۇيغۇر، قازاق، تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئارىسىدا تەڭ تەقسىم قىلىنغان» دېيىلگەن.

يەنە شۇ يەردە خوجانىيازھاجى بىلەن ئايەمبەتنىڭ تۈەنلىرىدە 500 دىن ئەسكەر بولغانلىقى، كېيىن ما جۇڭيىڭ 2 تۈەن، خوجانىيازھاجى بىر تۈەن، ئايەمبەت بىر تۈەن بولۇپ جەمئىي 4 تۈەن ئەسكەر مورىغا يۈرۈش قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ يەردە تۈزىتىشكە تېگىشلىك مۇنداق نۇقتىلار بار.

1. قۇمۇل گازارمىسىدا 500 دانە قورال قولغا چۈشۈپ ئۇيغۇر، قازاق ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىنغان ئىش مەۋجۇت ئەمەس. خوجانىيازھاجى ۋە ئايەمبەتلەرنىڭ 500 دىن ئەسكىرىمۇ بولغان ئەمەس.

2. باركۆلدىن مورىغا ماڭغان پەقەت ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئىبارەت. ما جۇڭيىڭ قۇمۇلدىن مورىغا ماڭغاندا خوجانىيازھاجى تۇرپان تەرەپتە بولۇپ، قۇمۇلدىن مورىغا ماجۇڭيىڭ بىلەن بىللە ماڭغان ئىش يوق. ئايەمبەتنىڭ ئاتالمىش 500 قازاق ئەسكىرىمۇ ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرگە مورىغا يۈرۈش قىلغان ئەمەس.

ما جۇڭيىڭ 2 - قېتىم شىنجاڭغا چىققاندا، ئەنشىدە تۇرۇۋاتقان يولۋاس ماجۇڭيىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن. يولۋاستا بىرنەچچە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلا بولغان. يولۋاس تۇرپاندا تۇرۇپ، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۈچۈن ئارقا سەپ خىزمىتىنى ئىشلەپ، خەلقتىن يېمەك - ئىچمەك ۋە يەم - خەشەك يىغىش بىلەن دېھقان ياشلىرىنى ما

جۇڭيىڭغا ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بېرىش ئىشلىرىنى قىلغان. تۇرپاندا بىشىرۋاڭ قۇمۇلدىن ئالغان بىر لىيەن ئاتلىق ئەسكەر بىلەن «جىڭ فاڭ سىلىڭ» نامىدا تۇرۇپ، يولۋاسنىڭ خەلقتىن سېلىق يىغىش ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. كېيىن ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچقاندا، يولۋاس جەنۇبقا بارماي قۇمۇلغا قېچىپ بېرىۋالغان.

ئاپتور يەنە «مالىك ئەپەندى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجانىيازھاجىغا يازغان خەتلىرىنى بۇرھان ئەپەندى بىلەن ھۇسەيىن باي ئېلىپ كەلگەنىدى» دەپ يازغان.

شېڭ شىسەي بىلەن مالىك ئەپەندىنىڭ ما جۇڭيىڭ ۋە خوجانىيازھاجىغا خەت، ئادەم ئەۋەتىشى 1933 - يىل 5 - ئايدىكى ئىش. سوۋېتلىك مالىك ئەپەندى ئۇ كۈنلەردە شىنجاڭغا تېخى كەلمىگەن دەپ بىلىمەن.

بۇرھان ئەپەندى بىلەن ھۇسەيىن باي لوچېنتەيدىكى ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجىنىيازھاجى ئۆتكۈزۈۋاتقان مەرىكىگە قاتناشقاندا، بۇ يەرگە يىغىلغان تۇڭگان زىيالىيلىرى بىلەن ئاقساقاللىرى ما جۇڭيىڭغا xxx پىكىر بەرگەنلىكى يېزىلغان.

خوجانىيازھاجى تۇرپان تەرەپتىن مورىغا كېلىپ، قۇمۇل تەرەپتىن مورىغا كەلگەن ما جۇڭيىڭ بىلەن 1 - قېتىم كۆرۈشكەن، شۇ يەردە ما جۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ گۇچۇڭغا ھۇجۇم قىلمىغانلىقىنى، خوجانىيازھاجىنىڭ جىمسارغا ھۇجۇم قىلىشىنى ئېيتقان. خوجانىيازھاجى جىمسارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، جىمساردىكى دۈشمەنلەرنى قورال تاپشۇرۇشقا قىستىغاندا، ما جۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى كېچىدە مەخپىي كېلىپ جىمساردىكى قوراللارنى ئېلىپ كەتكەچكە، خوجانىيازھاجى ما جۇڭيىڭدىن رەنجىپ ما جۇڭيىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن. دېمەك، مورىدىن چىققاندىن كېيىن، خوجانىيازھاجى ما جۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشكەن ئەمەس. بۇ يەردە ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجانىيازھاجى قانداقسىگە مەرىكە ئۆتكۈزىدۇ؟

ماقالىدا يېزىلىشىچە، ما جۇڭيىڭنىڭ يېنىدىكى خۇاڭ نىڭۆبىن (ياپونىيىلىك) بىلەن كامال ئەپەندى (تۈركىيىلىك) ئىككى دۆلەتنىڭ شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇش پىلانى بويىچە ئەۋەتىلگەن ئادەملەر. ما جۇڭيىڭ «شەرقىي تۈركىستان» ئەمەس «ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇرماقچى بولغاچقا، بۇ ئىككى ئەپەندى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ مۇناسىۋىتى ناچارلاشقان.

ھازىرغىچە «ما جۇڭيىڭ شەرقىي تۈركىستان» قۇرماقچى دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىغانىمىز. ئەمما ما جۇڭيىڭ مورىدا (1933 - يىل 5 - ئايدا) خوجانىيازھاجى بىلەن 1 - قېتىم كۆرۈشكەندىلا «شىنجاڭنى ئازاد قىلىپ، 500 مىڭ ئەسكەر ئېلىپ، قوشنا مۇسۇلمان ئەللىرىنىمۇ ئازات قىلىمەن» دەپ سۆزلىگەنلىكى ئەمەلىيەت. مەن ياش ۋاقىتلىرىمدا تۇرپاندا ما جۇڭيىڭ يېڭى شەھەردە زەپەر ھاجى مەسچىتىدە بىر جۈمە نامىزىغا كېلىپ، نامازدىن كېيىن خەلققە «ھىندىستاندىكى، روسىيىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئازاد قىلىمەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

ماقالىدا «خوجانىيازھاجى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر، قازاق قوشۇنلىرى مالىكنىڭ تەكلىپى بويىچە بوغدىنىڭ تېرەكلىك داۋىنى ئارقىلىق تۇرپانغا چۈشكەن. خۇاڭ نىڭۆبىن ۋە كامال ئەپەندىلەر خوجانىياز ھاجىغا ئەگىشىپ تۇرپانغا بارغان، مەھمۇت شىجاڭ ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئۆز قوشۇنىغا قوشۇۋالغان. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىدە راتسىيە بولغاچقا، بۇ ياقتا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز دۆلەتلىرىگە مەلۇم قىلىپ تۇرغان» دېيىلىدۇ.

ئەھۋالنىڭ ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

1. خوجانىيازھاجى 1933 - يىل 6 - ئايدا شېڭ شىسەي بىلەن تۈزۈلگەن «فۇكاڭ ئەھدىنامىسى» بويىچە «يوغان تېرەك» ئارقىلىق تەڭرىتاغنى كېسىپ ئۆتۈپ توقسۇن ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭغان.

2. خوجانىيازھاجى، مەھمۇت شىجاڭلارنىڭ يېنىدا قازاق ئەسكەر يوق. خوجانىيازھاجى جەنۇبقا ماڭغاندا، ما جۇڭيىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەن، تۇرپاندا ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تۇرپانغا بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

3. خۇاڭ نىڭۆبىن بىلەن كامال ئەپەندىنىڭ

خوجانىيازھاجى قىسىملىرى ئارقىسىدىن تۇرپانغا بېرىشى ھەمدە راتسىيە توغرىسىدىكى گەپلەر پۈتۈنلەي ئويدۇرما. شۇنداقلا «مەھمۇت مۇھىتى ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىگە قوشۇۋالدى» دېگەنمۇ يوق گەپ. 1933 - يىل 6 - ئايدا خوجانىيازھاجى، مەھمۇت مۇھىتىلار جەنۇبقا ماڭغاندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ تۇرپان قاتارلىق 3 ناھىيىنى ئۆزىگە ئارقا سەپ قىلىپ، ئۈرۈمچى تەرەپ بىلەن (شېڭ شىسەي بىلەن) جەڭ قىلغانىدى. ئەنە شۇ كۈنلەردە كامال ئەپەندىنىڭ تۇرپاندا ما جۇڭيىڭنىڭ ھەربىي شتابىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. ما جۇڭيىڭ ياپونىيىلىك خواڭ نىڭۋېننى شېڭ شىسەيگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدە قالغانلىقى مەلۇم. ئېنىقكى، خواڭ نىڭۋېن بىلەن كامال ئەپەندىنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەتكەنلىكى ئەمەلىيەتتە بولمىغان بىر توقۇلمىدىنلا ئىبارەت.

يەنە «خوجانىيازھاجى قوشۇنلىرى تۇرپانغا كەلگەندە، مالىك ئەپەندى ئۇلارنى يېڭىدىن تۇرپانغا ھاكىم بولۇپ كەلگەن بۇرھان شەھىدى بىلەن بىرلىكتە قارشى ئالغان. مالىك ئەپەندى ھاكىم بۇرھان شەھىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مەنسۇر ئەپەندى، خوجانىيازھاجى، مەھمۇت شىجاڭ، ئايەمبەت تۆەنجاڭلارنى ئۆز ئىشخانىسىدا قوبۇل قىلغان. . . » دېيىلگەن. بۇ يەردە ئاپتور بىرنەچچە خاتالىقتا يول قويغان:

1. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك 1933 - يىل 6 - ئايدا خوجانىياز ھاجى جەنۇبقا ماڭغاندا تۇرپانغا بارمىغان. تۇرپاندا ماجۇڭيىڭ تۇرسا، ئۇ يەردە مالىك ئەپەندى نېمە قىلسۇن؟ شۇنداقلا ما جۇڭيىڭ قولىدىكى تۇرپاندا بۇرھان شەھىدى قانداقسىگە ھاكىم بولالايدۇ؟ بۇرھان شەھىدىنىڭ بىرەر قېتىم «تۇرپانغا ھاكىم بولدۇم» دەپ يازغىنىنىمۇ بىلمەيمىز. 1934 - يىلى ما جۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچقاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي تۇرپانغا ئەكبەر جەلىلوفنى (ئۈرۈمچىدە خەنزۇچە ئوقۇغان) 1 - قېتىم ھاكىم قىلغان.

2. مالىك ئەپەندى ۋە مەنسۇر ئەپەندىلەر ئۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تېخى كەلمىگەن.

«ئايەمبەت خوجانىياز ھاجىدىن رۇخسەت ئېلىپ بارىكۆلگە كەتكەن. ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەن يولۋاسمۇ ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قۇمۇلغا قايتقان» دېگەن گەپكە كەلسەك:

گۇچۇڭ ئەتراپىدا خوجانىيازھاجى قىسىملىرى بىلەن قانداقتۇر قازاق قىسىملىرىنىڭ بولغانلىقىنى ھېچكىم يازمىغان. يولۋاسنى قۇمۇلغا قايتتى دېگەن توغرا ئەمەس. خوجانىيازھاجى جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭغاندا، يولۋاس ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن تۇرپانغا كېلىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ ئارقا سەپ خىزمىتىنى ئىشلىگەن. ما جۇڭيىڭ 1934 - يىلى باھاردا جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچقاندا، يولۋاس جەنۇبقا قاچماي، تۇرپاندىن قۇمۇلغا قاچقان، يولۋاستا بىرنەچچە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلا بار. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك قۇمۇلدىن ئەسكەرلىككە ئېلىنغان 100 ئۇيغۇر بىشىرۋاڭ باشچىلىقىدا تۇرپاندا تۇرغان ھەمدە يولۋاسقا ئوخشاش قۇمۇلغا قاچقان.

ئاپتور مالىك ئەپەندىنىڭ موسكۋادا ما جۇڭيىڭنى قوبۇل قىلغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ «. . . ئۇنىڭ ياپونىيە ۋە تۈركىيە ئىشپىيونلىرىنى شىنجاڭغا باشلاپ، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن شىنجاڭدا شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى قۇرماقچى بولغانلىقىنى. . . قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن بولسا سابىت داموللا، خوجانىيازھاجى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قەشقەردە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاشكارا قارشى چىققانلىقى. . . شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن خواڭ نىڭۋېن، كامال ئەپەندىلەرنىڭ مەھمۇت شىجاڭ بىلەن بىرلىكتە ياپونىيىگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاساس قىلغانىدى. . . » دەيدۇ. بۇ يەردە مەن مالىك ئەپەندى ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆزلەشكەنمۇ؟ يوق دېگەن مەسىلە ئۈستىدە سۆزلىمەكچى ئەمەس. بۇ يەردە مۇنۇ ئىككى نۇقتىنىڭ پۈتۈنلەي ئويدۇرما ئىكەنلىكىنىلا ئېيتىپ ئۆتەي. بىرى، ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە قېچىپ بېرىپ، سابىت داموللا، خوجانىيازھاجى بىلەن بىرلىشىپ «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» قۇردى دېگەن ئەمەلىيەت ئەمەس. ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە بارغاندا (1933 - يىل 7 - ئاي) «شەرقىي

تۈركىستان ھۆكۈمىتى» ئاللىقاچان ئاغدۇرۇلغان. 1933 - يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ما فۇيۈەن قىسىملىرى قەشقەرگە بارغاندا خوجانىياز ھاجى قىسىملىرى، سابىت داموللا ھۆكۈمىتى قەشقەرنى تاشلاپ چىققان. خوجانىيازھاجى 1933 - يىل 4 - ئايدا سوۋېت چېگراسىغا (ئەركەشتامغا) قورال ئېلىشقا بېرىپ قايتقاندىن كېيىن، يەكەندە سابىت داموللا ۋە ئۇنىڭ بىرنەچچە مىنىستىرىنى قولغا ئالغان. بىرنەچچە مىنىستىرى قېچىپ كەتكەن.

يەنە بىرى، «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن خۇاڭ نىڭۋېن، كامال ئەپەندىلەر مەھمۇت شىجاڭ بىلەن بىرلىكتە ياپونىيىگە قېچىپ كەتكەن. . . دېگەن گەپلەرمۇ پەرەزدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن 1933 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ 1937 - يىل 4 - ئايغىچە مەھمۇت مۇھىتى جەنۇبىي شىنجاڭ مۇئاۋىن قوماندانى، 6 - دىۋىزىيە كوماندىرى بولۇپ قەشقەردە تۇردى. 1937 - يىل 4 - ئايدا خۇاڭ نىڭۋېن، كامال ئەپەندىلەر قەشقەردە نېمە قىلسۇن؟ مەھمۇت مۇھىتى بىر ياپونىيىلىك، بىر تۈرك ئىشپىيونىنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ 4 يىل ساقلىغانمۇ؟ بۇ بىر بىمەنە گەپ. ئاپتور يۇقىرىدا «خۇاڭ نىڭۋېن بىلەن كامال ئەپەندىنى ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ مەھمۇت مۇھىتى ئەسكەرلىرىگە قوشۇلۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەتتى» دېگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈنلا ئۇلارنى «مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ياپونىيىگە قاچتى» دېگەن بولسا كېرەك.

ئاپتور ما خۇسەننىڭ قېچىپ كېتىشىنى بايان قىلغاندا «. . . ئالدىنقى سەپكە بارماي. . . پىلانى بويىچە قولىدىكى 400 نەچچە ئەسكەرنىڭ 350 نى تارقىتىۋېتىپ، قالغان 50 ئادەمنى ئۆزى بىلەن 40 قېچىرنى قوغداپ مېڭىشقا قالدۇرغان. قولىدىكى قورال - ياراقلارنى يەرلىك تۇڭگان، خەنزۇلارغا سېتىۋەتتى» دېيىلگەن.

ئەمەلىيەتتە ما خۇسەن جەنۇبىي شىنجاڭدا 1937 - يىل 4 - ئايدا ئابدۇنىياز بىلەن (ئەسلى مەھمۇت شىجاڭنىڭ قالدۇق قىسمى) بىرلىكتە شىڭ شىسەيگە قارشى كەلگەن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ياردىمىدە قوزغىلاڭنى پۈتۈنلەي تارمار قىلغان. ما خۇسەن قىسىملىرىدىن ئاز بىر قىسمىلا چەرچەن يولى بىلەن دۇنخۇاڭ تەرەپكە قېچىپ كېتەلىگەن. قالغان ئەسكىرى يوقىتىلغان. ماخۇسەن ئۆزى 40 قېچىر ئالتۇن - كۈمۈش ۋە قىممەتلىك ماللار بىلەن ئۈز يېقىنلىرىنى ئېلىپ ھىندىستان تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. بۇنداق شارائىتتا ما خۇسەن نەدىكى خەنزۇ، خۇيزۇلارغا قورال ساتالىسۇن؟ ياكى قايسى پۇقرا قورال سېتىۋالسۇن؟

يۇقىرىقىلار مېنىڭ بىلگەنلىرىم ياكى قاراشلىرىم، توغرا بولمىغان جايلىرى بولسا، تۈزىتىپ قويۇشىڭىزلارنى سورايمەن.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ

---

(بېشى 49 - بەتتە)

ئەھۋال 1924 - يىللىرىغا كەلگەندە بىرقەدەر يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇلاردىن باج - سېلىق ئېلىشقا پېتىنالماي قالغاچقا، دۆلەتنىڭ كىرىمىگە تەسىر يېتىدۇ. ئاخىر شۇ ۋاقىتتىكى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى گۇي فېڭ بۇ ئەھۋالنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىدۇ. يۇقىرىدىن: «ئۇلار روسىيە، ئەنگلىيىنىڭ قايسى يېرىدىن كەلگەن، بۇ ھەقتە تولۇق ئىسپاتى بارمۇ؟ ئاشۇ جاي ۋە مىللەتنىڭ تىلىنى بىلەمدۇ؟ ئاتا - ئانىسى نەلىك؟ بۇلارغا گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغان پاكىت بولسا، چەت ئەل پۇقرالىقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. بولمىسا چەت ئەل پۇقرالىقى ئىناۋەتسىز» دېگەن مەزمۇندا جاۋاب كېلىدۇ. ئامبال مۇشۇ كۆرسەتمە بويىچە ئىش كۆرىدۇ. بىرىنچى تۈركۈمدە ئۆزى جۇڭگو پۇقراسى تۇرۇقلۇق چەت ئەل پۇقراسى بولۇۋالغانلاردىن يامۇل ئالدىدىكى ئۆزۈن كوچىدا ئولتۇرۇشلۇق رېمونتچى (كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى رېمونت قىلاتتى) چاۋار ئاخۇن قاتارلىق 20 كىشىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن چەت ئەل پۇقراسى بولۇۋېلىشىدىكى سەۋەبلەرنى بىر - بىرلەپ سۈرۈشتە قىلىپ ئۇلارنى چەت ئەل پۇقراسى بولۇشتىن چېكىندۈرىدۇ.

# قاغىلىق بازىرىدىكى ھىندىلار

ئابدۇرېشىت خوجائەخمەت

ئازادلىقتىن ئىلگىرى (1917 ـ يىلدىن 1936 ـ يىلغىچە) قاغىلىق بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «ھىندى سارىيى» دەپ ئاتالغان ھىندىلار تۇرىدىغان بىر ساراي بولۇپ، ئادەتتە 5 ـ 6 نەپەر ھىندى ئوقەت قىلاتتى. بۇلار ئاساسەن ئۆسۈمگە پۇل چېچىپ، سۇتخورلۇق قىلاتتى. پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغان خەلق ئۇلارنىڭ كېپىلچىلىرى (كېپىلچىلەر يەرلىك ئۇيغۇرلار ئىدى) ئارقىلىق تىلخەت يېزىپ بېرىپ، ئۆسۈمگە پۇل قەرز ئالاتتى. ھەر بىر ھىندىنىڭ يېنىدا ئىككى ئۈچ نەپەردىن كېپىلچى بولاتتى. بۇلار قەرز ئالغۇچى ـ بەرگۈچى ئىككى تەرەپتىن پۇلنىڭ سانىغا قاراپ كېپىللىك ھەققى ئالاتتى. كېپىلچىلەر ۋاقتى ـ قارارى بويىچە قەرزدارلارنى قەرز تۆلەشكە ياكى ئۆسۈمنى تۆلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلاتتى. ئالغان قەرز پۇل — ئانىسى، ئۇنىڭ ئۆسۈمى — بالىسى دەپ ئاتىلاتتى. ھىندىلارنىڭ كاتتا بېشى — ئاقساقال دېيىلەتتى. ئاقساقال ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى. شۇ چاغدىكى ھىندىلارنىڭ ئاقساقىلى دېپاباي دېگەن ھىندى بولۇپ، گەۋدىلىك، يوغان قورساق، كېلەڭسىز ئادەم ئىدى. دائىم يوغان دەستار ئوراپ، ماڭلىيىغا قىزىل تامغا بېسىۋېلىپ، قولىدا ئىلمەك زاكون تايىقى تۇتقان ھالدا يۈرەتتى. ھىندىلارنىڭ قەرزدارلاردىن ئالىدىغان ئۆسۈمى ئېغىر بولغاچقا، قەرزدارلار قەرزنىڭ ئانا ـ بالىسىنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمەي قالغاندا، كېپىلچىلەرمۇ ھەيدەكچىلىك قىلىپ ئالالمىغان چاغدا، قەرز بەرگۈچى ھىندى ئۆزىنىڭ ئاقساقىلى دېپابايغا شىكايەت قىلاتتى. دېپاباي ھىندىلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە يامۇلغا ھېچكىمدىن تەپ تارتمىغان ھالدا شاپاشلاپ كىرىپ، ئۇدۇل ماڭغىنىچە 2 ـ داتاڭغا كېلىپ، ئۇيغۇر تىلىدا «ئامبال دارىن، سىزنىڭ پۇقرايىڭىز يا ئانىسىنى بەرمەيدۇ، يا بالىسىنى بەرمەيدۇ. سىزنىڭ ئۇنىڭغا كۈچىڭىز يەتمەمدۇ؟» دەپ داۋراڭ سالاتتى. چەت ئەللىكتىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان ئامبال دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئوچۇق چىراي بىلەن ھال ـ ئەھۋال سورايتتى. دېپاباي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، قەرزدار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ: «سىزنىڭ پۇقرايىڭىز ئالغان قەرزنىڭ يا ئانىسىنى بەرمەيدۇ، يا بالىسىنى بەرمەيدۇ، دەرھال ئالدۇرۇپ بەرمىسىڭىز، ئۆزىڭىز جاۋابكار بولىسىز» دەپ پوپوزا قىلاتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئامبال دەرھال يايى بۇيرۇپ قەرزدارنى چاقىرتىپ كېلىپ، گەپ سورىماستىن، ئالدى بىلەن ئۇنى ياتقۇزۇپ يوتىسىغا تارشا بىلەن بىر ـ ئىككى يۈزنى ئۇردۇرۇپ، ئاندىن سوراق قىلىپ، پۇلنى تۆلەشكە مەجبۇر قىلاتتى. تۆلەشكە نەق پۇلى بولمىسا، مال ـ مۈلكى، يەر ـ زېمىنلىرىنى ساتتۇرۇپ، قەرزنى تۆلىتەتتى.

ھىندىلارنىڭ بىر يىلدا بىر قېتىم دىنىي بايرىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. 3 كۈنگىچە ئىشىك ئالدىنىڭ ئوڭ ـ سول ئىككى يېنىدا 3 مېتىر ئېگىزلىكتە توغرىسىغا ياغاچ ئورنىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەر يۈزچە ساپال چىراغلارنى ياندۇرۇپ قوياتتى. ھەممە ھىندىلار ھىندى سارىيىدىكى ئىبادەتخانىغا يىغىلىپ ئىبادەت قىلاتتى. ئۇلار بۇددا دىنىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە توختىماي تەسۋى سېرىپ «موللامانى پاتمەنون» دەپ زىكرى قىلىشاتتى.

## چەت ئەللىكلەرنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازلىق بولۇۋېلىش ۋەقەسى

1917 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قاغىلىقتا 46 ئائىلىلىك، 70 نەچچە روسىيە پۇقراسى ۋە بىرمۇنچە ئەنگلىيە پۇقراسى بولۇپ، ئەنگلىيە پۇقرالىرى

ئاساسەن ھىندىستانلىقلار ئىدى. ئۇ چاغلاردا ھىندىستان ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى. 200 گە يېقىن ئافغانىستان پۇقراسى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئالاھىدە ئىمتىيازلىق ھېسابلايتتى. روسىيە پۇقرالىرى بىلەن ئافغانىستان پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار بارلىق تىجارەت يوللىرىنى ئىگىلىۋالغانىدى. ئەنگلىيە پۇقرالىرى بولسا، ئۆسۈمگە پۇل بېرىپ جازانە — سۈتخورلۇق بىلەن بېيىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يەرلىك ھۆكۈمەتكە باج - سېلىق تاپشۇرمايتتى. يەنە كېلىپ يەرلىك خەلقنى ئۆز مەيلىچە بوزەك ئېتەتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ روسىيە، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئاقساقال (ۋەكىل) لىرى بولاتتى. بۇ ئاقساقاللار «ئۆز كىشىلىرىمىزنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى قوغدايمىز» دېگەن باھانە بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ بەزىدە بېسىم ئىشلىتەتتى. ئۇلار سودا - سېتىق، ئېلىم - بېرىم ۋە باشقا ئىشلاردا يەرلىك خەلق بىلەن دەۋالىشىپ، يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە بارسا، يەرلىك ھۆكۈمەت شۇلارنىڭ دېگىنىدەك ھەل قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ پات - پات ۋەقە چىقىرىپ، يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ تۇراتتى. بىر كۈنى خەنزۇ مەكتىپىدە ئوقۇيدىغان بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى روسىيە پۇقراسى قادىرخاننىڭ دۇكىنىدىن مال ئېلىۋېتىپ گەپ تالىشىپ قالىدۇ. قادىرخان بولسا، ئۆزىنىڭ روسىيە پۇقراسلىق ئىمتىيازىغا تايىنىپ ھېلىقى ئوقۇغۇچىنى ئۇرىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچى ئەلەمگە چىدىماي ئامبالغا قادىرخان ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ. ئامبال ئۇقۇشماي قادىرخاننى چاقىرىپ كېلىپ 30 پالاق ئۇردۇرىدۇ. بۇ چاغدا قادىرخان ئەھۋالنى ئۆز ئاقساقىلى ياكتىسەيلىك توختاخۇن ئاقساقالغا ئېيتىدۇ. قادىرخان ئۇنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن قەشقەردىكى روسىيە كونسۇلخانىسىغا ئەرز سۇنىدۇ. كونسۇلخانا قاغىلىققا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۇ كېلىپ قاغىلىق ئامبىلىغا ھەيۋە قىلىدۇ ھەم ھەر بىر پالاق ئۈچۈن بىر قانچە سەر كۆمۈش تۆلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قاغىلىقتا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمنىڭ باشلىقى ئامبالغا: «ئۇلارنىڭ بىزگە قىلىۋاتقىنى زورلۇق، تاقەت قىلىۋېرىشىنىڭ ئۆزى خورلۇق. بىزدە كۈچ تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا بوزەك بولىمىز؟ سىز ماقۇل دېسىڭىز، مەن ئۇلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قوغلىۋېتىمەن» دەيدۇ. ئامبال بولسا «ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا شەرتنامە بار، ئۇنداق قىلساق يۇقىرىنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ قالىمىز» دەيدۇ-دە، كۆمۈش بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، بىرقانچە يامبۇنى پەتنۇسقا سېلىپ كونسۇلخانا خادىمىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ قۇتۇلىدۇ.

قاغىلىقتىكى ئەنگلىيە پۇقراسىنىڭمۇ خورىكى بەك ئۆسۈپ كەتكەنىدى. يەرلىك خەلققە ئۆسۈمگە بەرگەن پۇللىرىنى يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ يىغىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى. يىغىپ بەرمىسە ماجىرا چىقىرىشتىنمۇ يانمايتتى.

**يەرلىك ئادەملەرنىڭ چەت ئەل پۇقراسى بولۇۋېلىشى**

قاغىلىقتىكى روسىيە، ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتكە باج - سېلىق، غەللە - پاراق تاپشۇرمايدىغانلىقىنى كۆرگەن بىر قىسىم يەرلىك كىشىلەر چەت ئەل پۇقراسى بولۇشقا قىزىقىپ كېتىدۇ. بۇ كىشىلەر چەت ئەل پۇقرالىرىنىڭ ئاقساقاللىرىغا پارا بېرىپ، ئۆزلىرىنى كونسۇلخانىلارغا تونۇشتۇرۇپ، چەت ئەل پۇقرالىقىغا قوبۇل قىلىشنى ئىلتىماس قىلىشىدۇ. چەت ئەل پۇقرالىرىنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئاقساقاللىرىمۇ پارا بىلەن چۆنتەكلىرىنى توشقۇزغاندىن كېيىن، يالغان ئانكېتلارنى تولدۇرۇپ، قەشقەردىكى روسىيە، ئەنگلىيە كونسۇلخانىلىرىغا يوللايدۇ ۋە چەت ئەل پۇقراسلىق گۇۋاھنامىسىنى ۋە شۇ دۆلەتنىڭ بايرىقىنى ئەكەلدۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ كىشىلەر ئەنگلىيەبايرىقىنى ئېسىپ قويۇشۇپ، گۇۋاھنامىلارنى كۆز - كۆز قىلىشىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتكە باج - سېلىق، غەللە - پاراق تۆلەشتىن قۇتۇلىدۇ. بۇنداق

(ئاخىرى 47 - بەتتە)

# تۆداق تۆەنجاڭ ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم

مامۇت غازى

(ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى ياشانغانلار باشقارمىسىدىن)

تۆداق (تۆردى) تۆەنجاڭ ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق شەخسلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن ئەلگە خىزمەت كۆرسىتىپ، تۆداق باتۇر، تۆداق پاشىشاپ، تۆداق تۆەنجاڭ دېگەندەك ناملارغا ئېرىشكەن. ئۇ مەن ئېسىمنى بىلگەن چاغلاردا ھازىر كونا بازار دەپ ئاتىلىۋاتقان چارشەنبە بازاردا پاشىشاپ ئىكەن. ئۇ چاغدىكى پاشىشاپلار ھازىرقى جامائەت خەۋپسىزلىكى ۋە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى.

تۆداق تۆەنجاڭ ھەممە كىشىگە تونۇشلۇق بولغان، ئوتتۇرا بوي، بەستلىك، بەك ئاچچىقلىنىپ كەتكەندە سەل كېكەچلەپ سۆزلەيدىغان، مەردانە ھەم پاراسەتلىك، ساپ دىل كىشى ئىدى. تۆۋەندە ئۇنىڭ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بەزى ئىش - ئىزلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

قاچقۇن بىلەن ئېلىشىش

1932 - يىل 12 - ئاينىڭ مەلۇم بىر جۈمە كۈنى ئىدى. چارشەنبە بازارغا تەخمىنەن 3 كىلومېتىر كېلىدىغان ئاخنالدى دېگەن كىچىك گۇزەردە ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىدى. كىشىلەر جۈمە نامىزىدىن يانغان چاغدا مەن مەدداھ جەڭنامە قىسسىلىرىنى سۆزلەۋاتقان يەردە تۇراتتىم. تۆداق پاشىشاپ 2 دورغىسى بىلەن كېلىپ ئۇيان - بۇيان قاراپ يۈرۈپ ئاخىرىدا باقىئاكام سامسىپەزنىڭ دۇكىنى ئالدىدا توختىدى. بىر توپ ئادەم ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالدى. دۇكاندا تۇرمىدىن قاچقان 3 ئوغرى مەززە بىلەن سامسا يەپ ئولتۇرغانىكەن. پاشىشاپ ئىشىكتىن كىرىپ ئوغرىلارغا:

— ھەممىڭ قولۇڭنى كۆتۈرۈش — دېيىشىگە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئېگىز، قارا چوقۇر بىرى پاشىشاپقا پىچىقىنى تەڭلەپ:

— پاشىشاپ، ساڭا جان كېرەكمۇ يا مەن كېرەكمۇ؟ مەن روزى قارامنىڭ پىچىقى ئادەم تونۇمايدۇ جۇمۇ! — دەپ ھەيۋە قىلدى. ئىككىنچىسىمۇ پاشىشاپقا ئايپالتىسىنى تەڭلەپ:

— مەن ھەسەن تەلۋىنى تونۇمىدىڭما؟ بىزنى تۇتىمەن دەپ ئاۋارە بولماي قايتىپ كەت، بولمىسا تۇگمەس پۇشايمانغا قالىسەن— دېيىشىگە تۆداق پاشىشاپ روزى قارامنى بىر پەشۋا بىلەن يىقىتىپ، ھەسەن تەلۋىنى گەجگىسىدىن تارتىپ ئالدىنقىسىنىڭ ئۈستىگە بېسىپ تىزلىغانىدى بۇ ئىككىسى ئاغرىق دەستىدىن ۋايساپ كەتتى. ئاڭغىچە دورغىلار ئىككىسىنى باغلىدى. ئۈچىنچىسى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ:

— ماڭا رەھىم قىلسىلا پاشىشاپ بېگىم، مەن ئوغرى ئەمەس، 3 كۈن ئىلگىرى بۇلارنىڭ سۆزىگە گول بولۇپ قوشۇلۇپ قاپتىمەن — دەپ يالۋۇرغانىدى، پاشىشاپ:

— سەن ئوغرى بولمىساڭ بۇلارغا قوشۇلۇپ نېمە قىلىسەن؟ - دەپ دورغىلارغا ئۇنىمۇ باغلاپ ئېلىپ مېڭىشقا بۇيرۇدى ۋە كۆپچىلىككە:

— ھازىر ئىنقىلاب مەزگىلى، يامان ئادەملەردىن پەخەس بولۇڭلار — دەپ سۆزلەۋاتقاندا بېشىغا ئاق رومال ئارتقان بىر ئايال يىغلىغان پېتى ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— پاشىشاپ بېگىم، مەن قوناق مازاردىن كەلدىم، كېچە ئۆيۈمگە ئوغرى كىرىپ موزايلىق

ئىنىكىمنى ئوغرىلاپ كەتتى، باشقا ھېچنەرسەم يوق، ماڭا رەھىم قىلىپ ئىنىكىمنى تېپىپ بەرسىلە — دەپ يىغلاشقا باشلىدى. پاششاپ:

— يىغلىماڭ ئاچا، بىز سۈرۈشتۈرۈپ ئىنىكىڭىزنى تېپىپ بېرەيلى، ھازىرچە ماۋۇ پۇلغا ئاش ئېلىپ يەپ تۇرۇڭ - دەپ يېنىدىن 20 پۇل (10 داچەن) نى بېرىپ ئۆزى ئالدىراش بازار تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

**تۇداق تۇەنجاڭ دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى**

1931 - يىلى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن 1933 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا ئىنقىلاب ئوتى لاۋۇلداپ ھەممە يەرنى قوزغىلاڭ قاپلاشقا باشلىدى. تۇداق پاششاپمۇ بىر بازار كۈنى سوناي چالدۇرۇپ نوتۇق سۆزلەپ ئادەم ئېلىشنى باشلىدى. بۇ ئىنقىلاب مەزگىلى بولغاچقا، بۇ ئىش «ئەسكەر ئېلىش» دېيىلدى. كېيىن قوبۇل قىلىنغانلار بۇرۇنقىلارغا قوشۇلۇپ قارا مىلتىق، قىلىچ، نەيزە، توقماقلارنى كۆتۈرگەن ھالدا تۇداق پاششاپنىڭ باشچىلىقىدا يېزا - كەنتلەرنى ئارىلاپ ئامانلىق ساقلاشقا كىرىشىپ كەتتى. ئادەملىرىمىزنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تۇداق پاششاپمۇ تۇداق تۇەنجاڭ دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

**گۆرۈخانىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىشى**

1933 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بازاردا گۆرۈكەشلىك قىلىدىغان خەنزۇلار چاغاننى يېڭىشەھەردە ئۆتكۈزۈپ كېلىمىز، دەپ ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى ئېلىپ يېڭىشەھەرگە چىقىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى قوغداشقا تۇداق تۇەنجاڭ مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇردى. 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تۇداق تۇەنجاڭنىڭ قەشقەرگە كېتىشى، ئوغلى يولۋاسخاننىڭ ئىشخانىسىدا يوقلۇقىدىن پايدىلانغان بىر قىسىم يامان غەرەزلىك كىشىلەر توپلىشىپ كېلىپ ئەسكەرلەرنىڭ توسۇشىغا قارىماي گۆرۈخانىلارغا بېسىپ كىرىپ نەق پۇل، ئاشلىق، رەخت، كىيىم - كېچەك، سايمان - جابدۇقلارنى بۇلاشقا باشلىدى. مەن 2 ساۋاقدىشىم بىلەن كەلسەم مەن بىلىدىغان بىر چوقۇر خەنزۇنىڭ گۆرۈخانىسىنى بۇلاۋاتقانىكەن. ئاڭغىچە يولۋاسخان يېتىپ كېلىپ ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ كوچىدا توپلىشىۋالغان ئادەملەرنى قايتۇردى، ئاندىن گۆرۈخانىدىكىلەرنى بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇپ بۇلىغان نەرسىلەرنى تارتىۋېلىپ قوغلاپ چىقاردى. كېيىن تۇداق تۇەنجاڭ قايتىپ كېلىپ بۇلاڭچىلارنىڭ باشلامچىلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ سولاپ قويدى.

**بۇلاپ كېتىلگەن نەرسىلەرنى قايتۇرۇش**

بۇلاڭچىلىق ۋەقەسى يۈز بېرىپ 15 كۈندىن كېيىن ئاخنالدىدا تۇداق تۇەنجاڭ كوناشەھەردىن ئەسكەر باشلاپ كېلىپ بۇلاپ كېتىلگەن «ئولجا» لارنى قايتۇرۇۋالىدىكەن، يوشۇرغانلاردىن بىرگە 10 نى قوشۇپ ئالىدىكەن، قارشى تۇرغانلارنىڭ قولىنى كېسىدىكەن، دېگەندەك مىش - مىش پاراڭلار تارقىلىپ يۈردى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ بىر چارشەنبە كۈنى كەچقۇرۇن ئەسكەرلەر كارناي چېلىپ يېتىپ كەلدى. ئەتىسى يۈسەن دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ شىمالىدا بۇلانغان مال - مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇپ بېرىش - قايتۇرۇۋېلىش ئىشى باشلىنىپ كەتتى. مەن كەلسەم چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىك ئادەم بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئەسكەرلەر مال - مۈلۈك قايتۇرىدىغانلارنى كۆۋرۈك ئالدىغا توپلاۋېتىپتۇ. يولنىڭ غەرب تەرىپىگە ئادەم كۈتۈۋېلىش ئورنى تەييارلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كارىۋات قويۇلۇپ، كارىۋات ئۈستىدىكى شىرەگە قەنت - گېزەك، مېۋە - چېۋىلەر تىزىپ قويۇلغان، يەنە بىر كارىۋاتتا ئولتۇرغان ئېگىز بويلۇق، قارا قاشلىق، ئۇچىسىغا چېبەرقۇت كەمزۇل كىيىپ ئۈستىدىن قۇرالدان باغلاپ تاپانچا ئېسىۋالغان ساقاللىق كىشى تۆمۈرسىجاڭ تۇداق تۇەنجاڭغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتكەن ھەمدەم بەگ ھاجى تۇەنجاڭ ئىكەن، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغانلار يۇرت كاتتىلىرى ئىكەن. قارىسام 2 موللا كۆۋرۈكنىڭ ئاغزىغا بىر شىرەنى قويۇۋېلىپ قايتۇرۇلىدىغان مال - مۈلۈكلەرنى تىزىملاۋېتىپتۇ. يولۋاسخان قىلىچىنى تۇتۇپ نازارەت قىلىۋېتىپتۇ. قايتۇرۇلىدىغان بارلىق مال - مۈلۈكلەر شۇ كۈنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ

بېرىلدى. قېچىپ كەتكەن خەنزۇلارمۇ بىرلەپ - ئىككىلەپ قايتىپ كېلىپ خاتىرجەم ھالدا ئۆز ئىشىنى باشلىدى. يەرلىك خەلق بۇ كۈننى « ئۇلجا، قايتۇرۇش كۈنى» دەپ ئاتىدى.

بۇ ئىشتىن تۇداق تۇەنجاڭنىڭ ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرىدىغان، جاسارەتلىك، ئادىل كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## قورallıق ئالدامچىلارنى تۇتۇش

1933 - يىل 7 - ئاي ئورما مەزگىلى ئىدى. بىر كۈنى تۇداق تۇەنجاڭنىڭ 3 ئادىمى بىلەن بېشىغا قىزىل قالپاق كىيگەن 2 ئەسكەرنى ئۆز ئېتىنى ئۆزىگە يېتىلىتىپ بازارغا ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆردۈم. 3 كۈندىن كېيىن ئۇقسام بۇ 2 ئەسكەر ئىلگىرى جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىدا قېچىپ يۈرۈپ 4 - ئايدا قەشقەر كوناشەھەرگە يېتىپ كەلگەن باسمىچى نەبىجاننىڭ ئادەملىرى يەنى ئىنقىلاب ئۈچۈن ياردەم توپلايمىز دېگەن نام بىلەن يېزا بايلىرىنى قىستاپ ئالتۇن - كۈمۈش يىغىۋاتقان قورallıق ئالدامچىلار ئىكەن. تۇداق تۇەنجاڭ بۇ ئىككىسىنى تۇتۇپ تۆمۈر سىجاڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن تۆمۈر سىجاڭ تۇداق تۇەنجاڭنى بىر جۈپ تاپانچا، 25 سەر تەڭگە بىلەن مۇكاپاتلاپتۇ.

ئۆز خەلقىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاققان، ئۆمرىدە ھېچكىمگە قارا سانىماي ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇپ ئادىل ئىش كۆرۈپ ئۆز خەلقىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان خەلق ئوغلانى تۇداق تۇەنجاڭ قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ماجۇڭيىڭ ئەۋەتكەن ماجەنساڭ قىسىملىرى بىلەن قەشقەر كوناشەھەردىكى ئىنقىلابچىلار ئوتتۇرىسىدا تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆلۈمىدىن 6 كۈن كېيىن باشلانغان ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ئالاھىدە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنىدى. ئەمما 1939 - يىل 3 -ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە چەمەھەللىدىن مامۇت بەگ، ئاقتۇدىن ئانامىنىڭ تاغىسى ھۇمە پاشىاپ، پىلالدىن ئەمەت چولاق، بەش قومۇش ماچاڭدىن ئەمەت بەگ (قىرغىز) لەر بىلەن بىر كۈندە قولغا ئېلىنىپ ئەمەت چوڭدىن باشقىلىرى شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ

---

(بېشى 57 - بەتتە)

تاش قورallar دەۋرىدىلا تاش قىرىش قورallıرىدىن پايدىلىنىپ تۇرمۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملارنى ياساشنى ئىگىلەپ، ئىپتىدائىي قىرمىچىلىقنى كەشىپ قىلغانلىقىنى، بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن باشلاپلا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى قىرىپ ياساشتا كامالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

ئىزاھات:

① كې يۈچۈن، «نىيە خارابىسىدىن چىققان مۇھىم يادىكارلىقلار» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئۇيغۇرچە 1988 - يىللىق 4 - سان 163 - بەتتىن 179 - بەتكىچە.

② ئەخمەت رېشىت: «سامپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقى» «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ئۇيغۇرچە 1985 - يىللىق 1 - سان 135 -، 140 - بەتلەر.

③ لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» ئۇيغۇرچە 46 -، 47 - بەتلەر.

④ نەن شاڭخۇڭ: «يۇمىلاق قۇم كونا شەھىرى» شىنجاڭ گېزىتى 1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈندىكى سانى.

⑤ ئەخمەت رېشىت، توختى تۇراخۇن: «نىيە خارابىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ئۇيغۇرچە 1997 - يىللىق 3 -، 4 - سان، 123 -، 132 - بەتلەر.

تەھرىرلىگۈچى: پولات ھېمىت

# «چىن» ۋە «ماچىن» ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە


غالىپ بارات ئەرك

(چاقىلىق ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدىن)


«چىن» ۋە «ماچىن» دېگەن ناملار شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ تارىخ - تەزكىرە كىتابلىرىدا كۆپرەك ئۇچرايدىغان ناملار بولۇپ، بۇ نامىلارنىڭ قەيەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس. بۇ نامىلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يېقىنقى يىللاردا «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك»لەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ نامىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە يېڭى قاراشلار ئوتتۇرىغا چۈشتى.

مەن بۇ ماقالەمدە مۇشۇ ھەقتىكى قاراشلارنى ۋە ھېس قىلغانلىرىمنى بىر نەچچە بۆلەككە بۆلۈپ بايان قىلىش ئارقىلىق مۇشۇ ساھەدە ئىزدىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

**1. «چىن» نامى ۋە تارىختىكى چىن سۇلالىسى**

بەزى تەتقىقاتچىلار «چىن» نامىنى تارىختىكى چىن سۇلالىسى بىلەن باغلىنىشلىق دەپ قارايدۇ.

چۈنكى جۇڭگو تارىخىدا چىن سۇلالىسى دەيدىغان بىر سۇلالە بولغان. بۇ سۇلالە دەسلەپتە شەنشى ئۆلكىسىنى مەركەز قىلغان كىچىك بەگلىك بولۇپ، يىغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تەدرىجىي كۈچىيىشكە باشلاپ، ئاخىرىدا خەن، جاۋ، ۋېي، چۇ، يەن، چى بەگلىكلىرىنى يوقىتىپ، جۇڭگودىكى تۇنجى بىرلىككە كەلگەن دۆلەت — چىن سۇلالىسىنى قۇرۇپ، جۇڭگونىڭ 800 يىللىق بۆلۈنمە ھالىتىگە خاتىمە بەرگەن. ئۇنىڭ چېگرىسى شىمالدا سەددىچىن سېپىلى، غەربتە چىڭخەي ئېگىزلىكى ئىدى. گەرچە بۇ سۇلالە ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرەلمىگەن بولسىمۇ، جۇڭگو تارىخىدا ئۇششاق بەگلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەن تۇنجى سۇلالە بولغاچقا، ئېلىمىز تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

تەتقىقاتچى خې گۇاڭيۈ «خەنلەر ۋە خەن مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى» دېگەن ماقالىسىدە: «... بۇ مىللەت (خەنزۇلار — ئاپتوردىن) گەۋدىسى ئالدىنقى چىن دەۋرىدە شيا ياكى خۇاشيا دەپ ئاتالغان ... چىن سۇلالىسى 6 بەگلىكنى يوقىتىپ پۈتۈن شيالارنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شيا (夏) مىللىتى چىن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن چىنلار (秦) دەپ ئاتالغان ...» ① دەپ يازغان. دېمەك، ئۇ بۇ يەردە ئەينى ۋاقىتتا خەنزۇلارنىڭ مىللەت نامىنى بىلدۈرىدىغان چىن (秦人) نى تەدرىجىي بىر پۈتۈن جۇڭگونىڭ نامىغا ئايلانغان دېمەكچى.

شۇڭا ھازىر جۇڭگو دېگەن نامنىڭ ياۋروپا تىللىرىدا CHINA دەپ يېزىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

**2. ئىسلام رىۋايەتلىرىدىكى «چىن»**

ئىسلام ئەقىدىلىرىدە توپان بالاسى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ



دەۋرىگە كەلگەندە يەر يۈزىدە ناشايان ئىشلار كۆپىيىپ ئاللاھنى ياد ئېتىدىغانلار ئازىيىپ كېتىپتۇ. ئەزان ساداسى ئاساسەن ئاڭلانماس بولۇپتۇ. بۇ ئىشتىن دەرغەزەپكە كەلگەن ئاللاھ توپان بالاسى پەيدا قىلىپ، بارلىق مەۋجۇداتلارنى سۇغا باستۇرۇۋېتىش نىيىتىگە كەپتۇ ھەمدە نوھ ئەلەيھىسسالامغا بىر كېمە ياسىتىپ ئۆزىنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى سېلىۋېلىشىنى، جانلىقلارنىڭ ھەربىر خىلىدىن بىر جۈپتىن ئېلىۋېلىشنى بۇيرۇپتۇ. دېگەندەك كېمە پۈتۈپ، 7 كۈندىن كېيىن توپان بالاسى يۈز بېرىپ، پۈتۈن يەر يۈزىنى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ. نوھنىڭ كېمىسىگە چىقىۋالغانلارلا ئامان قاپتۇ. ھايات قالغانلار ئىچىدە نوھنىڭ ئوغلى يافەسمۇ بار ئىكەن. كېيىنچە يافەسنىڭ ئوغۇللىرىدىن تۈرك، چىن، موغۇللار شەرقتە ماكان تۇتۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چىن شەرقتە بىر شەھەر بەرپا قىلغان بولۇپ، بۇ شەھەر «چىن شەھىرى» دەپ ئاتىلىپتۇ. چىننىڭ ئوغلى ماچىنمۇ بىر شەھەر سالدۇرغان بولۇپ، بۇ شەھەر «ماچىن شەھىرى» دەپ ئاتىلىپتۇ.

گەرچە بۇ بىر رىۋايەت بولسىمۇ، «چىن» ۋە «ماچىن» ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

### 3. مۇسۇلمان مۇئەللىپلەرنىڭ نەزەرىدىكى «چىن»

پارس تىلىدا يېزىلغان «ھۇدۇدۇل ئالەم» نىڭ 9 - بابىدا جۇڭگو «چىنىستان» دەپ تىلغا ئېلىنغان. ئاپتور چىنىستان ۋە ئۇنىڭغا تەۋە جايلار ئۈستىدە توختىلىپ «چىنىستاننىڭ چېگرىسى شەرقتە شەرقىي ئوكيانغا، جەنۇبتا ۋاق - ۋاق (ھىندونېزىيىنىڭ غەربىدىكى سۇمىندا تاقىم ئاراللىرى)، سىرانديپ (سېرلانكا) ۋە چوڭ دېڭىزغا، غەربتە ھىندىستان ۋە تىبەتكە، شىمالدا تىبەت، توققۇز ئوغۇز ۋە قىرغىزلار زېمىنىغا تۇتىشاتتى . . . ئۇلارنىڭ قاغانى فەغفۇر چىن بولۇپ، رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا ئەفرىدۇننىڭ ئەۋلادى ئىكەن. . . ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مانى دىنىدا، لېكىن قاغانى شامان دىنىدا ئىكەن . . . » ②دەپ يازغان ھەمدە ۋاق - ۋاقتىن تاكى كۇچاغىچە بولغان كەڭ زېمىن چىنغا تەۋە دېيىلگەن. شۇ كىتابنىڭ 10 - بابىدا ھىندىستاننىڭ شەرقتە چىن ۋە تىبەتكە تۇتىشىدىغانلىقى، 11 - بابىدا تىبەتنىڭ شەرقىي تەرىپى چىننىڭ بىر قىسىم جايلىرى بىلەن چېگرىلىنىدىغانلىقى، 12 - بابىدا چىنلىقلارنىڭ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ شەرقىدە ئىكەنلىكى، 14 - بابىدا قىرغىزلارنىڭ چىننىڭ غەربىدە ئىكەنلىكى يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ باشقا بابلىرىدىمۇ چىنغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار بار بولۇپ، بۇلاردىن ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ سىماسىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

مەھمۇت قەشقەرى يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ چىن، ماچىن ناملىرىغا دائىر بايانلار بېرىلگەن. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىمراقلىرىدىن بىر قانچىنى كىتابخانلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇنماقچىمەن:

«تاۋغاچ — ماچىن ئېلىنىڭ نامى، بۇ مەملىكەت چىندىن 4 ئايلىق يىراقلىقتا، چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ، بىرىنچى، يۇقىرى چىن، بۇ يەر شەرقتە بولۇپ تاۋغاچ، دېيىلىدۇ. ئىككىنچى، ئوتتۇرا چىن بولۇپ خىتاي دېيىلىدۇ. ئۈچىنچى، تۆۋەن چىن بولۇپ بارخان دېيىلىدۇ — بۇ يەر قەشقەردە، لېكىن ھازىر تاۋغاچ ماچىن دەپ، خىتاي چىن دەپ تونۇلىۋاتىدۇ» . ③

«تاۋغاچ تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى، ئۇلار تاۋغاچ يۇرتىدا ياشىغىنى ئۈچۈن شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ تات تاۋغاچ دېيىلىدۇ، تات ئۇيغۇر دېمەكتۇر»④.

«ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭ يېزىقىغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر يېزىقى بار، ئۇنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇر بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ»⑤.

«جابارقا — ياپونىيىلىكلەر يىراققا جايلاشقانلىقى، ماچىن بىلەن ئۇلارنى چوڭ دېڭىز ئايرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىللىرى بىزگە مەلۇم ئەمەس»⑥.

«چىن - ماچىننىڭ ئايرىم تىللىرى بولسىمۇ، شەھەرلىكلىرى تۈركچىنى ياخشى بىلىدۇ. بىزگە يازغان خەتلىرىنى تۈركىي يېزىق بىلەن يازىدۇ.

شۇنىڭدەك ئارىدا چولڭ سېپىل ۋە چىن يېنىدىكى تاغ - دېڭىزلار بولغىنى ئۈچۈن يەجۈج - مەجۈجلەرنىڭ تىللىرىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس»⑦.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدىن چىننىڭ كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا 3 قىسىمغا بۆلۈنىدىغانلىقى، بۇ 3 قىسىمنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ چىن دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدىكى يۇقىرى چىننىڭلا ھازىرقى جۇڭگونى كۆرسىتىدىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرا چىننىڭ كونكرېت قەيەرلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە ھېلىمۇ تالاش - تارتىشلار مەۋجۇت. شۇڭا بۇ يەردە كۆپ توختالمايمەن.

«قۇتادغۇبىلىك» تىمۇ چىن، ماچىنغا ئائىت ئازدۇر - كۆپتۇر بايانلار بار.

**4. «چىن ۋە «ماچىن» ناملىرىنىڭ مەنىسى**

يۇقىرىدا مەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بايانلار ۋە يۇرگوزگەن مۇلاھىزىلەردىن «چىن» نامىنىڭ شەرقنى، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا جۇڭگونى كۆرسىتىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

«ماچىن» نامىغا كەلسەك تەتقىقاتچىلار «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قاراشلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە قاراشلارنىڭ بىرى — ماچىن دېگەن بۇ نام ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن كەلگەن دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراشتىكىلەر ئىسلام رىۋايەتلىرىدىكى بەزى بايانلارنى مىسال كەلتۈرۈپ ماچىننى «كىچىك چىن» ياكى «يىراق چىن» دېگەن مەنىدە دەپ قارايدۇ. مەنمۇ مۇشۇ قاراشقا مايىل. ئەمما بۇ نامنىڭ تىل تەۋەلىكى ۋە كېلىپ چىقىشى ھەققىدە يەنە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

چىن ۋە ماچىن دېگەن بۇ ناملار ئەدەبىياتىمىزدا XV ئەسىرلەردىن باشلاپ تېخىمۇ كۆپ كۆرۈلۈشكە باشلىدى ۋە چىن دېگەن بۇ نام شەرقتە يەنى ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگوغا، ماچىن دېگەن بۇ نام خوتەنگە سىمۋول قىلىنىدىغان بولدى. قىسقىسى مەن ماقالەمنى ئۇلۇغ ئەدىب مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «خىتاي چىن دېمەكتۇر، تاۋغاچ ماچىن دېمەكتۇر» دېگەن سۆزى بىلەن خۇلاسىلىمەكچىمەن.

ئىزاھلار:
① «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1997 - يىللىق 1 - سان 40 - بەت.
② شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى باستۇرغان پىكىر ئېلىش نۇسخىسى، خەنزۇچە 46 -، 59 -، 65 - بەتلەرگە قاراڭ.
③④⑤⑥⑦ مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 592 -، 38 -، 39 -، 40 - بەتلەر ۋە 3 - توم 564 ~ 567 - بەتلەرگە قاراڭ.
⑧ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 1 - توپلام ئۇيغۇرچە 5 - بەت.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ

(بېشى 64 - بەتتە)

تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنى ئىشغال قىلدى» دېيىلگەن. دېمەك بۇنىڭدىن خامىيلىنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ سودا - سېتىق قىلىش ۋە ئولپان ئايرىشتا ئۆتىدىغان يولىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بۇ خامى ( 哈密 ) نىڭ غەربىي يۇرتنى توساپ تۇرغان دەرۋازىسى ئىكەنلىكىدەك ۋەزىيىتىگە دەل ماس كېلىدۇ، بۇ، پىكرىمىزنى ئەڭ ياخشى ئىسپاتلايدۇ، دېمەك ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىر جايدۇر. (5) «سۇڭ شىڭ تەزكىرىسى» دە خۇڭۋۇ 24 - يىلى خامىيلى ( 哈梅里 ) غا جازا يۈرۈشى قىلىنىپ، شەھەرنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقى ئېيتىلغان. فاڭ كۇڭجاۋ «يۈتۈن چېگرا ئىشلىرى توغرىسىدا قىسقىچە خاتىرىلەر» دېگەن ئەسىرىدە خۇڭۋۇ 24 - يىلى سۇڭ شېڭغا ئەسكەر باشلاپ خامى ( 哈密 ) غا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەنلىكى ئېيتىلغان. فاڭ كۇڭجاۋ خامىيلى ( 哈梅里 ) نى خامى ( 哈密 ) دەپ ئالغان، ئۇ ئالدىن نەق مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلغان. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى خاتالىقنى تۈزىتىۋېلىش ئۈچۈن، بۇ يەردە بۇنى ئېنىقلاپ كۆرسەتتىم.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەرجىمە قىلغۇچى: مەخمۇت نىزام

# قەدىمكى خوتەننىڭ قىرمىچىلىق سەنئىتى

توختىنىياز تۇرسۇن

(خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىدىن)

خوتەن غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان خوتەنلىكلەرنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىن باشلاپ قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ بىر تۈرى بولغان قىرمىچىلىق سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان. خوتەنلىكلەرنىڭ ياغاچتىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. قىرمىچىلىق سەنئىتىدە ياغاچ قىرمىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

خوتەننىڭ قىرمىچىلىق سەنئىتى توغرىسىدا ئېلىمىز تارىخىي خاتىرىلىرىدە مەلۇمات يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، لېكىن خوتەندىكى نىيە، كېرىيە، چىرا، لوپ، گۇما قاتارلىق جايلاردىكى تاش قورallar دەۋرى ۋە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرگە تەئەللۇق قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى ۋە ئىزلارنى ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا تېپىلغان تاش قىرغۇ قوراللىرى، ياغاچ تاۋاق، خوتچا، ياغاچ قوشۇق، جام، دۈشە، ياغاچ تەخسە، سوغا، ھاۋانچا، ياغاچ نوگاي، ياغاچ چۆمۈچ، كارسان، ئاياق قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى خوتەندىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تاش ۋە مېتالدىن ياسالغان قىرىش سايمانلىرى بىلەن قاپاق تېرەك، چىنار، سۆگەت، چىلان، ئۈجمە ياغاچلىرىدىن كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق تۈرلۈك ياغاچ سايمانلارنى قىرىپ ياساپ ئىشلەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

1959 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇنجى قېتىم تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى نىيە قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرگەن. جەمئىي 10 ئېغىز ئۆينى تەكشۈرۈپ رەتلەش جەريانىدا ياغاچ نوگاي، ياغاچ دەستە تارشا پۈتۈك، بويۇنتۇرۇق، چۇلۇك، پەنجە، ياغاچ يىگنە، سوغا، ئۈستەل، ياغاچ چۆمۈچ، ياغاچ سۈزگۈچ، شالاسۇن پارچىلىرى قاتارلىق ياغاچ بۇيۇملارنى، سۆڭەكتىن ياسالغان دورا قوشۇقى، سۆڭەك چوتكا، مۈڭگۈزجام قاتارلىقلارنى تېپىش بىلەن بىللە مىلادىيە I ئەسىرگە ئائىت 1 - نومۇرلۇق گۆرنى قېزىش جەريانىدا جەسەت بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان سوغا، ياغاچ تاۋاق، ياغاچ تەخسە، ياغاچ جام، كوزىچاق قاتارلىق قىرىپ ياسالغان ياغاچ بۇيۇملارنى تاپتى. ①

1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى بىرلىكتە لوپ ناھىيە سامپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈردى. تەكشۈرۈش جەريانىدا 52 قەبرىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار ئىچىدە ياغاچتىن قىرىپ ياسالغان بۇيۇملار كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن. ياغاچ بۇيۇملار ئىچىدە ياغاچ تاۋاق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ياغاچ تاۋاقلار توغراق ياكى تېرەك ياغىچىدىن ياسالغان بولۇپ، چوڭ - كىچىكلىكى



ئوخشاش ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا سوقىچاق ۋە يۇمىلاق شەكىللەردىكى تەڭنە، ياغاچ ئاياق، جام، ياغاچ چۆمۈچ، چۆچەك قاتارلىقلارمۇ بار. كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق بۇ قەبرىستانلىقنىڭ تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى Ⅱ ئەسىردىن مىلادىيە Ⅱ ئەسىر ئارىلىقىدىكى دەۋرلەرگە تەۋە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى②.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 77 كىلومېتىر جەنۇبىغا، يەنى كېرىيە دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى 3 - پىلاتفورمىدىكى دەريا قولتۇقىغا جايلاشقان، ئومۇمىي كۆلىمى 3500 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان باشقانسۇرا خارابىسىنى تەكشۈرۈپ، بۇ ئىزدىن 173 دانە تاش قورال يىغىۋالغان. بۇنىڭ ئىچىدە تاش ئۆزەكلەر، ئۇششاق تاش ياپراق، قىرغۇ قورالى ۋە تاش ئوقيا ئۇچى قاتارلىقلار بار. يىغىۋېلىنغان تاش قوراللار ئىچىدە قىرىش سايمىنى 22 دانە بولۇپ، ئۇلار يۇمىلاق بىسلىق، تۈز بىسلىق، پېتىنقى بىسلىق ۋە قوش بىسلىق قىرىش قوراللىرىغا ئايرىلىدۇ. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى «بۇ ئوتتۇرانچى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ خارابىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە تەئەللۇق»③ دەپ قارىماقتا.

1994 - يىلى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە دۆلەتلىك پەن تەتقىقات مەركىزىنىڭ 315 - تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو - فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ئارخېئولوگىيە بىرلەشمە ئەترىتى كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا «يۇمىلاق قۇم كونا شەھەر خارابىسى» نى بايقىغان. بۇ نۆۋەتتە شىنجاڭدا بايقالغان ئەڭ بالدۇرقى قەدىمىي شەھەر بولۇپ، بۇندىن 2135 (50+) يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە توغرا كېلىدىكەن. ئارخېئولوگلار بۇ كونا شەھەر خارابىسىدىكى قەبرىلەردىن جەسەت بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان سوغا، تاغاق، چۆچەك قاتارلىق ياغاچ قىرما سايمانلارنى تاپقان④.

1995 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنى ئاساس قىلغان جۇڭگو - ياپونىيە نىيە خارابىسىنى بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئۆمىكى نىيە خارابىسىدا 7 - قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش جەريانىدا جەسەتلەر بىلەن بىللە ياغاچ تاۋاق، چۆچەك، ياغاچ تارغاق، ياغاچ پەتنۇس، جام، ياغاچ تەڭنە قاتارلىق قىرىپ ياسالغان ياغاچ بۇيۇملارنى تاپتى⑤.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە يېتىم قەدىمكى شەھەر خارابىسى، ئەندىرە قەدىمكى شەھەر خارابىسى، ئاق قوچقىراق قەدىمكى شەھەر خارابىسى، كەڭ غاز خارابىسى، يەتتە تۆگلۈك خارابىسى، قاردۆڭ خارابىسى، ئۈزۈن تات خارابىسى، دەندەن ئۆيلۈك خارابىسى، كونا دامكو خارابىسى، ئاق سىپىل قەدىمكى شەھەر خارابىسى، يوتقان خارابىسى، مىلىك ئاۋات خارابىسى، ياغاچ ئۆيلۈك قەدىمكى شەھەر خارابىسى قاتارلىق خارابىلەردىن قىرىپ ياسالغان ياغاچ تاۋاق، قوشۇق، سوغا، چۆمۈچ، جام، دۆشە، كارسان، ئاياق، يىك ۋە تورلۇك ياغاچ سايمان قاتارلىق تۈرمۇش بۇيۇملىرى تېپىلدى.

زەھەرسىز، پۇراقسىز، يېرىلىپ كەتمەيدىغان ۋە شەكلى ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان قاتتىق ياغاچ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ كۈندىلىك تۈرمۇش ئېھتىياجىغا كېرەكلىك بولغان تۈرمۇش بۇيۇملىرىنى قىرىپ ياساشتىن ئىبارەت بۇ قىرمىچىلىق ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى خوتەنلىكلەرنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن ئاتا مىراسى. قىرمىچى ئۇستىلار تەرىپىدىن ياغاچتىن قىرىپ ياسالغان ئاياق، جام، قاپقاقلىق ياغاچ قوتا، كارسان، خوتچا، دۆشە، سوغا، ياغاچ چۆمۈچ، ياغاچ قوشۇق قاتارلىق تۈرمۇش سايمانلىرى ھېلىھەم بۈگۈنكى خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈندىلىك تۈرمۇشىدا ئىستېمال قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى چەت ئەل ساياھەتچىلىرى تەرىپىدىنمۇ قىزغىن سېتىۋېلىنماقتا.

يۇقىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي پاكىتلاردىن خوتەنلىكلەرنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ

(ئاخىرى 52 - بەتتە)

# § 3 . غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مىلىك سۇلالىسىغا ئولپان ئەۋەتىشى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

تەيزۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تۇراقلاندۇرغان ھەم تاتارلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرت بىلەن ئالاقە ئورنىتىش نىيىتىگە كەلدى، شۇنىڭ بىلەن، غەربكە ماڭغان ئەلچىلەر يولبويى ئۈچرىشىپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى نەسىللىك ئاتلارغا ئېرىشىش بولدى. چېڭزۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، سىرت رايونلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىشتا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. دېڭىز يولىدا يىن چىڭ، جېڭ خې قاتارلىقلار سەپەرگە چىققاندىن تاشقىرى، قۇرۇقلۇق يولىدا فۇئەن، چېن چېڭ، لى گۈي، لى دا قاتارلىقلار پاسىرنىڭ ئىچى ـ سىرتىنى كېزىپ، ئۇ يەردىكىلەرنى كەڭ كۆلەمدە جەلپ قىلدى. غەربىي يۇرتلۇقلار سودا ئىشلىرىغا ماھىر، جۇڭخۇا بىلەن سودا قىلىشقا ھېرىسمەن ئىدى، ئۇلار چېگرىدىن كىرىشى بىلەن، بارلىق يېمەك ـ ئىچمەك ۋە يول خىراجەتلىرىنى تېگىشلىك ئورۇنلاردىن ئالدى، ئۇلار ناھايىتى ياخشى كۈتۈلدى. ئەكەلگەن ئولپانلىرىغا بېرىلگەن سوۋغاتلار ناھايىتى مول بولدى. سەرپ قىلىنغان دۆلەت پۇلىنىڭ سانىنى ئېلىش تەس. دۆلەت پۇقرالىرى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگوغا ئولپان ئەكىلىدۇ، دەپ مەغرۇرلىنىشتى. مەسىلەن: «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» نىڭ 3 ـ جىلدىدا، «چېڭزۇ جۇڭگونى قورال كۈچى ئارقىلىق تۇراقلاندۇرغاندىن كېيىن، ھەممە تەرەپكە ھەيۋىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى جەلپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، غەربىي يۇرتتىكى چوڭ ـ كىچىك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى تېز يوقۇپ، باش ئېگىپ بەيئەت قىلدى. قىممەتلىك نەرسىلەرنى بەس ـ بەس بىلەن سوۋغات قىلىشتى. يەنە شىمالدا قۇملۇقىچە، جەنۇبتا دېڭىزغىچە، شەرق بىلەن غەربتە كۈن چىقىدىغان ۋە پاتىدىغان جايلارغىچە باردى، ئومۇمەن كېمە ۋە ھارۋا بارالايدىغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە باردى. شۇنىڭ بىلەن، باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن باشقا تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەلچىلىرى ئوردا ـ سارايلارغا تولدى، ھەريىلى ئۇلارغا سوۋغاتلار بېرىپ تۇرۇلدى، نەتىجىدە خەزىنە قۇرۇقدىلىنىپ قالدى؛ ئەمما تۆت تەرەپتىن پادىشاھقا سوۋغات قىلىپ ئەكىلىنگەن ئېسىل ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە گۆھەرلەر، غەيرىي ۋە قىممەتلىك ئۇچارقۇش ۋە ھايۋاناتلار كۈنسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئومۇمەن خەن سۇلالىسى بىلەن تاڭ سۇلالىسىدىكىدەك گۈللىنىش بارلىققا كەلدى، بارلىق پادىشاھلار بۇ دەرىجىگە يېتەلمىگەنىدى» دېيىلگەن. گەرچە بۇ سۆزلەردە مۇبالىغە قىلىنغان جايلار بولسىمۇ، لېكىن بۇنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭدىن باشقا رايونلاردىن ئولپان ئەكىلىشنىڭ قانچىلىك ئەۋج ئالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بىز بۇ يەردە دېڭىز يولى ئالاقىسىنى تىلغا ئالماي، پەقەت جىيا يۈگۈەن قوۋۇقىدىن كىرىپ چىقىدىغان ئولپان ئەكىلىدىغان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز. كىچىك دۆلەتلەرنى تۆۋەندە ئايرىم جەدۋەلدە كۆرسىتىمىز. يەنە ئويراتلار، قۇمۇللۇقلار، تۇرپانلىقلار توغرىسىدا ئالدىنقى



پاراگرافتا ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق، بۇ يەردە قايتا سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. سىرتنىڭ ئەلچىلىرى چېگرىدىن كىرگەندە، كۆپىنچە رەڭدار كۆزلۈكلەر. نىڭ تەرجىمانلىرى ئىشقا سېلىندى، ئەمما ھەممىشە نۇقسانلار كۆرۈلۈپ، ئالاقىدە چاتاقلار تۇغۇلدى، شۇڭا كېيىن خەنزۇلار تەرجىمانلىققا سېلىنىدىغان بولدى.

1. بېشبالىق — بېشبالىق غەربىي يۇرتتىكى چوڭ دۆلەتتۇر، ئۇ جەنۇبتا خوتەنگە، شىمالدا ئويراتلارغا تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى سەمەرقەنتكە، شەرق تەرىپى قوچۇغا يېتىپ بارىدۇ. شەرقىي جەنۇبى جىيا يۈگۈن قوۋۇقىدىن 3700 چاقىرىم يىراقتا. يەنە قاراشەھەر، كۇچامۇ بار (ئىلاۋە: قاراشەھەر بىلەن كۇچا ئەسلى بېشبالىققا تەۋە ئىدى). قۇبلايخان دەۋرىدە ئايغاقچى مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان، ئۇزۇن ئۆتمەي ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن، ھەرقايسى بەگلەر باشقۇرغان (بېشبالىق تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بېشبالىق، بۇگۈنكى فۇيۈەن، شەھەر نامى دۆلەت نامى قىلىنغان، ئۇنىڭ زېمىنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىغا جايلاشقان. «موغۇللار تارىخى. تۆمۈر تەزكىرىسى» دە بۇ يەردىكىلەر چاغاتاي ئەۋلادلىرى دېيىلگەن). مىنگودىن 524 يىل بۇرۇن (خۇڭۋۇ 21 ـ يىلى) لەنيۇ يۈەن سۇلالىسىگە يۈرۈش قىلىپ، بايقال كۆلىگە يېتىپ بارغاندا، سەمەرقەنتلىك سودىگەرلەردىن نەچچە يۈزنى ئەسىر ئالدى، تەيزۇ ئەمەلدارلار ئارقىلىق ئۇلارنى يۇرتىغا قايتۇرغاندا، قايتىش يولىدا ئۇلار بېشبالىقتىن ئۆتتى، بېشبالىقنىڭ بېگى خىزىرخوجا مىڭبېگى كامالىدىن قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ ئات ۋە شۇڭقار ئولپان قىلدى. مىنگودىن 521 يىل بۇرۇن (خۇڭۋۇ 24 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا پايتەختكە يېتىپ كەلدى. تەيزۇ خۇشال بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېگىگە رەڭدار رەختتىن ئون كىيىملىك سوۋغات قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرىگىمۇ سوۋغات بەردى. 9 ـ ئايدا جۇشى كۈەن چيې، يۈشى خەن جىڭ، پىڭشى تاڭ جېڭلارنى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئۇلار بارغاندىن كېيىن، بەگ ئۇلارنىڭ ئەكەلگەن سوۋغاتلىرىنى ئاز كۆرۈپ، كۈەن چيېنى تۇتۇپ قالدى. خەن جىڭ بىلەن تاڭ جېڭ ئىككىسى قايتىپ كەلدى. تەيزۇ قايتا ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغات ۋە مەكتۇپ يوللىغاندىن كېيىنلا، كۈەن چيې قايتىپ كەلدى. چېڭزۇ تەختكە ئولتۇرغان دەسلەپكى يىللاردا خىزىر خوجا ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى شەمئى جاھان ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئەلچىلەر ئارقىلىق ئولپان ئەۋەتتى. مىنگودىن 505 يىل بۇرۇن (يۇڭلې 5 ـ يىلى) يازدا، ئولپان كىرگۈزدى ھەمدە «سەمەرقەنت ئەسلى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى زېمىنى ئىدى، ئەسكەر ئەۋەتىپ قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن» دېگەن گەپنى يەتكۈزدى، ئەلچىلەرگە ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش، يېنىكلىك بىلەن ئىش قىلماسلىق تاپىلاندى. خىزىر خوجا ئۆلۈپ، ئورنىغا ئىنىسى مەخمۇت ۋارىسلىق قىلدى؛ ئۇ ئۆلۈپ، ئورنىغا ئاسراندى ئوغلى نەقشى جاھان ۋارىسلىق قىلدى. مىنگودىن 494 يىل بۇرۇن (يۇڭلې 16 ـ يىلى) ئۇنىڭ بىرنەۋرە ئىنىسى ئۇۋەيس ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى بەگ بولۇپ، قەبىلىسىنى باشلاپ غەربكە كەتتى، دۆلەت نامىنى ئۆزگەرتىپ ئىلى بالىق (يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىلابالىق، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالى قىرغىقىدا) دۆلىتى دەپ ئاتىدى. چېڭزۇ ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوقيا، قىلىچ ۋە ساۋۇت ـ دوبۇلغا ھەمدە گۈلدار دارايى ۋە رەڭدار رەخت سوۋغات قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئولپان توختىماي كېلىپ تۇردى. ئۇنىڭ بېشبالىقتىكى بۇرۇنقى زېمىنىنى كېيىن ئويراتلار ئىگىلىدى. مىنگودىن 447 يىل بۇرۇن (چېڭخۇا 1 ـ يىلى) مۇراسىم بېگى ياۋكۇي غەربىي يۇرتنىڭ ئولپان كىرگۈزۈش قەرەلىنى بەلگىلەپ، ئىلىبالىقنىڭ 3 ياكى 5 يىلدا بىر قېتىم ئولپان كىرگۈزۈشىنى، ئەلچىلەرنىڭ سانى 10 دىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئولپان ئەكىلىش بارغانچە ئازايدى، بۇ دۆلەتنىڭ شەھەر قەلئەسى ۋە قەسىرلىرى يوق، ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ چارۋا باقىدۇ، ئادەملىرىنىڭ تەبىئىتى تۇرگۈن ۋە جەسۇر، بەگلىرى بىلەن پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدا يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك قائىدە ـ يوسۇنلىرى يوق. يېمەك ـ

ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكلىرى كۆپىنچە ئۆيراتلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، تۇرغان جايى ناھايىتى سوغۇق، تاغ ئىچى، قاشتاق جىلغىلاردا ياشايدۇ، 6 - ئايدىمۇ ئۈچقۇنداپ قار ياغىدۇ.

2. قەشقەر — قەدىمكى شولې بەگلىكى (چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە قەشقەر دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ پايتەختى يەكەن شەھىرى). مىنگودىن 504 يىل بۇرۇن (يۇڭلې 6 - يىلى) لى دا قاتارلىقلار مەكتۇپ بىلەن سوۋغات ئەكەلدى. 6 - يىلى، مىڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ئارچىتەيگە قوشۇپ ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان كىرگۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، داۋاملىق ئولپان ئەۋەتىپ تۇردى.

3. خوتەن — قەدىمكى بەگلىك نامى. خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ سۇڭ سۇلالىسىغىچە جۇڭگو بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇردى. مىنگودىن 506 يىل بۇرۇن (يۇڭلې 4 - يىلى) ئەلچىلەر ئارقىلىق ئولپان ئەۋەتتى. ۋەنلى زامانىسىغا كەلگەندە، ئارىلاپ ئولپان ئەۋەتتى.

4. سەمەرقەنت — سەمەرقەنت تۆمۈرىيلەر خانلىقىدۇر. بۇ دۆلەتنى قۇرغۇچى ھۆكۈمدارنىڭ ئىسمى تۆمۈر بولۇپ، ئۇ موڭغۇللارغا شىرەم بولغان بارلاس قەبىلىسىدىن ئىدى، بۇ قەبىلە ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە چاغاتاي خانلىقىدا ئەمەلدار بولۇپ كەلگەنىدى. تۆمۈر ئىقتىدارلىق ۋە تەدبىرلىك بولۇپ، جەڭدە سەپ تۈزۈشكە ماھىر ئىدى. شۇڭا ھوقۇقلۇق ۋەزىر بىلەن خاننىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشتى، ئەسكەر باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. ئابروپى كۈنسېرى ئارتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىن پايدىلىنىپ، مىنگودىن 543 يىل بۇرۇن (خۇڭۋۇ 2 - يىلى) ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى، چاغاتاي خانلىقىنىڭ پامىرنىڭ غەربىدىكى بارلىق زېمىنىنى ئىگىلەپ، سەمەرقەنتنى پايتەخت قىلدى. تۆمۈر چاغاتاي خانلىقى خانىنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالغانلىقتىن، كوراگان دەپ ئاتالدى. مىنگودىن 530 يىل بۇرۇن (خۇڭۋۇ 15 - يىلى) تۆمۈر ئىرانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، 10 نەچچە يىل ئىچىدە ئۇنى يۇتۇۋالدى. مىنگودىن 518 يىل بۇرۇن (خۇڭۋۇ 27 - يىلى) قىپچاق خانلىقىنى مەغلۇپ قىلدى. مىنگودىن 514 يىل بۇرۇن (خۇڭۋۇ 31 - يىلى) ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلدى، كېيىنكى يىلى زەپەر بىلەن قايتتى. مىنگودىن 512 يىل بۇرۇن (خۇيدىنىڭ جيەنۋېن 2 - يىلى) شەرقىي رىم دۆلىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن زور قوشۇن بىلەن تۈركىيىگە يۈرۈش قىلدى، 2 - يىلى ئەنقەرە، تۈرك ئەسكەرلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ، تۈرك ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، ئۇلارنىڭ سۇلتانى بايازىدنى ئەسىر ئالدى. تۆمۈرىيلەر خانلىقى مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ قۇدرەتلىك دۆلەت ھېسابلىنىدۇ.

دەسلەپتە، تەيزۇ غەربىي يۇرت بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئەلچىلەر بىلەن مەكتۇپ ئەۋەتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىدىن ھېچكىم كەلمىدى. مىنگودىن 525 يىل بۇرۇن (خۇڭۋۇ 20 - يىلى) 4 - ئايدا، تۆمۈر ئالدى بىلەن مۇسۇلمان ئۇيغۇر موللاھاپىز قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، 10 ئات، 2 تۆگە ئولپان قىلدى. ئەلچىلەر قوبۇل قىلىنىپ زىياپەت بېرىلدى ۋە 18 يامبۇ سوۋغات قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر يىلى ئات، تۆگە ئولپان ئەكىلىپ تۇردى. 5 - يىلى قوشۇمچە 6 توپ تۆۋتىلىق رەخت (بومازى)، 9 توپ قاراسوپ (مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل يۇڭ رەختى)، قىزىل ۋە يېشىل سانقارا (مۆرە يوپۇق) نىڭ ھەرقايسىسىدىن 2 توپ، ساپ تۆمۈردىن ياسالغان شەمشەر - قىلىچ، ساۋۇت - دوبۇلغا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئولپان قىلدى. ئۇلارنىڭ دۆلىتىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار يەنە ئۆزلىرى سودا قىلىش ئۈچۈن لياڭجۇغا ئات ھەيدەپ كەلدى. پادىشاھ بۇنىڭغا رۇخسەت قىلماي، پايتەختكە ئەكىلىپ سېتىشقا بۇيرۇق قىلدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ھەممە يەرگە تارقالغانىدى. بۇ چاغدا گەنسۇدا تۇرىدىغانلىرى يەنىلا كۆپ ئىدى، شۇڭا ئايماق بېگى چاقىرىلىپ، پۈتۈنلەي قايتۇرۇشقا بۇيرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن 1200 دىن ئارتۇق ئادەم سەمەرقەنتكە قايتتى. يەنە 2 - يىلى 8 - ئايدا تۆمۈر

200 ئات ئولپان قىلدى ھەمدە مەكتۇپ ئەۋەتىپ پادىشاھنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىدى. پادىشاھ ئۇنىڭ قائىدە - يوسۇنلۇقلىقىنى ماختاپ، باش غوجىدار فۇئەن قاتارلىقلارنى مۆھۈر بېسىلغان مەكتۇپ، پۇل ۋە رەختلەرنى ئېلىپ بېرىپ، بۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇنىڭ ئولپان ئاتلىرى بىر يىلدىن كېيىن يەنە كەلدى. سانى 1000 غا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يامبۇ بېرىلدى. چېڭزۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە يارلىق چۈشۈردى. مىنگودىن 506 يىل بۇرۇن (يۇڭلې 3 - يىلى) فۇئەن قاتارلىقلار تۇتۇپ قېلىنىپ قايتۇرۇلمىغانىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە ئوردا يەنە تۆمۈرنىڭ بېشبالىق ئارقىلىق بېسىپ كىرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. شۇنىڭ بىلەن، گەنسۇنىڭ باش بۇغى سۇڭ شېڭغا بۇنىڭدىن پەخەس بولۇپ تەييارلىق قىلىشقا پەرمان چۈشۈرۈلدى. دەسلەپتە خۇڭۋۇ ئاخىرقى يىلىدا ھىندىستان ۋە كىچىك ئاسىيادىكى ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، شەرققە نەزەر ئاغدۇرۇشقا ۋاقتى بولمىغانلىقتىن، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا قارىتا تۆۋەنچىلىك بىلەن مەكتۇپ يېزىپ ئولپان كىرگۈزۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. يۇڭلې زامانىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندە بولسا، غەربىتىن خاتىرجەم بولغانلىقتىن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ زاۋال تاپقانلىقىدەك نومۇسنى يۇيۇش ئۈچۈن شەرققە يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق قىلدى، شۇڭا مىڭ سۇلالىسىگە ئولپان كىرگۈزۈشنى توختاتتى. چېڭزۇ ئۇنىڭ ئولپان ئەۋەتمىگەنلىكىنى ئەيىبلەپ ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ چاغدا تۆمۈر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن كلاۋىيو (RuyGonjaley Clavijo) نى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. تۆمۈر شۇندا «ئىسپانىيە پادىشاھى مېنىڭ دوستۇم بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەلچىسى تۆردە ئولتۇرۇشى كېرەك. جۇڭگونىڭ باشلىقى لەنىتى مەككار ئوغرى، ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر، ئۇنىڭ ئەلچىسى تۆۋەندە ئولتۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن، زىياپەت ۋە قوبۇل قىلىشلاردا ئورۇن تەرتىپى مۇشۇنداق بولىدۇ» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۆمۈر مىڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى قايتىشقا قويۇپ بەردى ۋە ئۇلارغا قايتىپ بېرىپ جۇڭگو پادىشاھىغا ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلمايدىغانلىقى ۋە ئولپان كىرگۈزمەيدىغانلىقىنى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزى كېلىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى ئۆزىگە بەيئەت قىلىپ، ئولپان تۆلەيدىغان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشنى تاپىلىدى. مىڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرى قايتىپ كەتتى. تۆمۈر پۈتۈن مەملىكەتكە شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ جۇڭگوغا يۈرۈشكە ئاتلىنىدىغانلىقى، بىر مىليون 800 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن توپلاش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. مۇنتىزىم ئەسكىرى ھەقىقەتەنمۇ كۆپەيگەن چاغدا، شەرققە سەپەر قىلىپ ئوترار شەھىرى (سىر دەرياسى بويىدا) گە كەلدى، 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى (تەخمىنەن يۇڭلې 2 - يىلىنىڭ ئاخىرى ياكى 3 - يىلىنىڭ بېشىدا) شۇ جايدا ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلغان قوشۇن سەپىرىنى توختاتتى. جۇڭگو بىر زور ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالدى. سەمەرقەنتلىكلەر تەيزۇنى توڭگۇز خان دەيدۇ، بۇ چوشقا خان دېگەنلىك بولىدۇ، ئېھتىمال بۇ تەيزۇنىڭ فامىلىسى «جۇ» بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، «朱» (جۇ) بىلەن (جۇ) نىڭ تاۋۇشى (ئوقۇلۇشى) ئوخشاش، شۇڭا يات جايدىكىلەر خاتا ھالدا «朱» نى «猪» دەپ بىلگەن بولسا كېرەك ياكى مازاق قىلىپ چوشقا پادىشاھ دېگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

تۆمۈر ئۆلگەندىن كېيىن، نەۋرىسى خەلىل ۋارىسلىق قىلدى، ئۇ قايتىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئولپان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئولپان ئەۋەتىش ۋەنلى زامانىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۈزۈلمىدى.

5. ھېرا (ھىرات) — ھارى يەنە ھىرو دەپمۇ ئاتىلىدۇ، سەمەرقەنتنىڭ 3000 چاقىرىم غەربىي جەنۇبىدىكى جايدا، جيايۈگۈەن قوۋۇقىدىن 12 مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يىراقتا بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى چوڭ دۆلەتتۇر (بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى نامى «ھارى» ياكى «ھېرى» نىڭ تەلەپپۇزى ھېراغا يېقىن) تۆمۈر

سەمەرقەنتكە كىرگەندىن كېيىن، ئوغلى شاھرۇخنى ھىراتتا تۇرۇشقا ئەۋەتتى. خوڭۋۇ يىللىرىدا بېشبالىق، سەمەرقەنتلەر ئولپان ئەۋەتتى، ئەمما ھىرات يىراق بولغانلىقتىن ئۇلاردىن ئولپان كەلمىدى. مىنگودىن 520 يىل بۇرۇن (خوڭۋۇ 25 ـ يىلى) ئەمەلدار ئەۋەتىپ گۈللۈك دارايى سوۋغات قىلدى ۋە يارلىق چۈشۈردى، ئەمما يەنىلا كەلمىدى. 3 ـ يىلى فۇئەن قاتارلىقلارنى 1500 ئەسكەر بىلەن ئەۋەتتى، ئۇلارنى سەمەرقەنت تۇتۇپ قالغانلىقتىن، ئۇ يەرگە يېتىپ بارالمىدى. چېڭزۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەلچى ئەۋەتىپ چاقىرىپ يارلىق چۈشۈرۈلدى، مىنگودىن 504 يىل بۇرۇن (يۇڭلې 6 ـ يىلى) فۇئەن قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئولپان ئېلىپ كەلدى.

مىنگودىن 493 يىل بۇرۇن (يۇڭلې 17 ـ يىلى) ھېرات خانى شاھرۇخ شادى خوجانى جوڭگوغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، ئەلچى ھەمراھلىرى بىلەن سودىگەرلەردىن بولۇپ 500 دىن ئارتۇق ئادەم كەلدى. كېيىنكى يىلى 12 ـ ئايدا بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى، ئۇلار ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋېلىندى. چېڭزۇ ئۇۋغا چىققاندا ھېراتتىن سوۋغات قىلىنغان ئاتنى مىنگەن ئىدى، ئات يۈتلىشىپ يىقىلغانلىقتىن، پادىشاھ ئاتتىن يىقىلىپ قولى زەخىملەندى. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئەلچىلەرنى تۇتقۇن قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە ئۇلارنى سۈرگۈن قىلماقچى بولدى. لېكىن ۋەزىرلەرنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن ئۇلار قويۇپ بېرىلدى. ئەلچىلەر يەنە «بۇ ئەسلى خانىمىز تۆمۈرنىڭ ئېتى ئىدى. شاھرۇخ خان ئەڭ يۇقىرى ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ ئاتنى سوۋغات قىلدى، خانىمىز قۇتلۇق دۆلىتىڭلار جەزمەن بۇ ئاتنى ئاتلار ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل ئات دەپ بىلىدۇ دېگەنىدى» دېيىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن چېڭزۇ قاتتىق خۇشال بولۇپ، ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى كۈتتى. شۇنىڭدىن كېيىن 3 يىل ياكى 5 يىلدا بىر قېتىم ئولپان ئەكىلىپ تۇردى، مىنگودىن 365 يىل بۇرۇنقى (جىياجىڭ 26 ـ يىلى) ۋاقىتقا كەلگەندە، ئولپان ئەكىلىش ئۈزۈلۈپ قالدى.

6. ئەرش تەرەپ — ئەرش تەرەپ (ئەرەبىستان) نىڭ بىر ئىسمى جەننەت، يەنە مەككە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جوڭگو بىلەن سۇ يولى ۋە قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئالاقە قىلىدۇ. مىنگودىن 482 يىل بۇرۇن (شۈەندې 5 ـ يىلى) جېڭ خې غەربىي ئوكياندىكى ئەللەرگە ئەلچى بولۇپ بارغاندا، بۇ دۆلەتكە ئادەم ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ پادىشاھىمۇ خانلىق ئەلچىلىرىگە قوشۇپ ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان كىرگۈزدى. شۈەنزۇڭ خۇشال بولۇپ، ئۇلارغا كۆپلەپ سوۋغات بەردى. مىنگودىن 471 يىل بۇرۇن (جېڭتوڭ 6 ـ يىلى) ئەرەبلەر پادىشاھى ئوغلى سەيىد ئەلى ۋە ئەلچى سەيىد ھەسەننى ئۈنچە ـ مەرۋايىت، گۆھەر سوۋغاتلىرى بىلەن قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئەۋەتتى، ئۇلار قارا (بەلكىم قاراغوجا) غا كەلگەندە، قاراقچىلارنىڭ بۇلاڭچىلىقىغا ئۇچرىدى، ئەلچى ئۆلتۈرۈلدى. شاھزادىنىڭ ئوڭ قولى زەخىملەندى، ئولپان بۇيۇملىرى پۈتۈنلەي قولدىن كەتتى. ئەرش تەرەپتىن ياخشى ئات چىقاتتى، شۇڭا ۋۇزۇڭ ئەلچى ئەۋەتىپ، ياخشى ئات ئولپان كىرگۈزۈشكە يارلىق چۈشۈردى، مىنگودىن 394 يىل بۇرۇن (جېڭدې 13 ـ يىلى) ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئەلچى ئەۋەتىپ ئات ئولپان كىرگۈزدى. ئەرش تەرەپ ئەلچىلىرى كۆپىنچە قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق جيايۇگۈەن قوۋۇقىدىن كىردى. ئادەتتە 5، 6 يىلدا بىر قېتىم ئولپان ئەكەلدى، ۋەنلى يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئولپان ئەكىلىش توختىمىدى.

يۇقىرىدىكى دۆلەتلەر دائىم ئولپان ئەكىلىپ تۇرغان دۆلەتلەر، ئەمەلىيەتتە سودا ئالاقىسى قىلغۇچى دۆلەتلەر دېيىشكىمۇ بولىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدە بىر دۆلەتتە پەقەت بىر خان بار ئىدى، باشلىقلىرى كاتتىباش دەپ ئاتىلاتتى. كېيىن يات ئەللەر ئەلچىلىرى ئولپان ئېلىپ كەلگەندە خان دەپ ئاتالغانلار بارغانچە كۆپىيىپ كەتتى. مىنگودىن 389 يىل بۇرۇن (جىياجىڭ 2 ـ يىلى) ئەرش تەرەپنىڭ خانى كۆپىيىپ، 6 — 7 گە يەتتى، تۇرپاننىڭ كۆپىيىپ 12 گە يەتتى، سەمەرقەنتنىڭ 27 گە يەتتى. مىنگودىن 379 يىل بۇرۇنقى ۋاقىت (جىياجىڭ 12 ـ يىلى) قا كەلگەندە ئەرش تەرەپنىڭ

27 گە يەتتى، تۇرپاننىڭ 15 كە يەتتى، سەمەرقەنتنىڭ 53 كە يەتتى. بىر خانغا بىر يارلىق بىلەن جاۋاپ بېرىلدى. يات ئەللەر ئەلچىلىرىدە خاننىڭ كۆپ بولۇشىنىڭ سەۋەبى كۆپرەك سوۋغات ئېلىشنى كۆزلەشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا ئاخىرى بىر دۆلەتكە پەقەت بىر يارلىق بېرىلدى ھەمدە قانداق بولغانلىقى سۈرۈشتۈرۈلدى، بۇ ئارقىلىق بىر دۆلەتتە ئىككى خان بولمايدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى. ئەمما ھەرقايسى يات ئەللەر بۇنىڭغا بويسۇنمىدى، 3 - يىلى ئۇلپان ئېلىپ كېلىش يەنە يۇرۇقىدەك بولدى، كۆپىيىپ 150 تىن ئارتۇق خانغا يەتتى.

يات ئەللەر ئەلچىلىرى جىيايۈگۈەن قوۋۇقىغا كەلگەندە، ئەلچىلەر ئۈمىكىدىكى ئادەم سانى ھەم ئېلىپ ماڭغان مېلىنىڭ تۈرى ۋە مىقدارىنى مەلۇم قىلاتتى. چېگرادىكى ئەمەلدار ئەھۋالنى ئوردىغا مەلۇم قىلاتتى، جاۋاب يارلىق كەلگەندىن كېيىنلا، ئاندىن پايتەختكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىناتتى، مۇشۇ قائىدە بويىچە قۇمۇل ھەر يىلى بىر قېتىم ئۇلپان ئەكىلەتتى، ئۇلپان ئەلچىلىرى 300 ئادەم بولاتتى، ئەمما بۇلاردىن 11 نەپىرى پايتەختكە ئۆزىتىلىپ، قالغىنى قوۋۇق ئىچىدە ئېلىپ قېلىناتتى، مۇلازىمەت قىلىش ئورنى ئۇلارنى تاماق ۋە ياتاق بىلەن تەمىنلەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا تۇرپان، سەمەرقەنت، ھىرات، ئەرش تەرەپ قاتارلىق دۆلەتلەر 3 ياكى 5 يىلدا بىر ئۇلپان ئەكىلەتتى، پەقەت 30 ياكى 50 ئادەم پايتەختكە يولغا سېلىناتتى، قالغانلىرىغا قۇمۇلغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىناتتى. شۇنىڭدىن كېيىن چېگرا ئەمەلدارلىرى پايتەختكە بارىدىغانلارنى قالايمىقان قويۇپ بەردى. يول بويىدىكى ئۆتەڭلەر ئۇلارنى ئات ھەمدە تاماق ۋە ياتاق بىلەن تەمىنلىدى. ئۇلار پايتەختكە بارغاندىن كېيىن، ئەكەلگەنلىرىنى تىزىملىك بويىچە يۇقىرىغا ئۇلپان قىلىپ تاپشۇراتتى. مۇراسىم ئەمەلدارى تىزىملىك بويىچە سوۋغات بېرەتتى. تىزىملىكتە يوق ماللارنى ئۆزلىرىنىڭ سودا قىلىپ سېتىشىغا رۇخسەت قىلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، يەنە سودا قىلىپ ئېشىپ قالغان ماللىرىنى دەللاللار باھالىغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت شايى ياكى پۇل بېرەتتى. غەربىي يۇرت ئەلچىلىرىنىڭ كۆپى سودىگەرلەر بولۇپ، ئۇلار كەلگەندە كۆپ مال بىلەن كېلىپ، جوڭگو بىلەن سودا قىلاتتى، چېگرا ئەمەلدارلىرى پارىخور بولغاچقا، دۆلەت ئۈچۈن ئالىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنىڭ مېلىغا چاڭ سالاتتى ۋە قاتتىق قوللۇق قىلاتتى، دېگىنىدەك بولماي قالغاندا، ھەدەپ ۋارقىراپ تەھدىت سالاتتى. مىنگودىن 380 يىل بۇرۇن (جياجىڭ 11 - يىلى) يات دۆلەت ئەلچىسى چېگرا ئەمەلدارىنىڭ مېلىغا چاڭ سېلىشى ۋە قاتتىق قوللۇق قىلىشىدىن نارازى بولۇپ، مۇراسىم ئەمەلدارىغا شىكايەت قىلغانىدى، ئەمما بۇ ئىش سۈرۈشتۈرۈلمىدى. گەنسۇنى قوغداۋاتقان مەھرەم چېن خاۋ يات دۆلەت ئەلچىسى ئۇلپان ئەكەلگەن چاغدا، ئائىلە مالىيى ۋاڭ خوڭ ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ياخشى ئات ۋە قاشتېشى قاتارلىق ماللارنى ئارتۇق ئالغۇزدى، ئەلچى بۇنىڭدىن نارازى بولدى. بىر كۈنى ئۇ ۋاڭ خوڭنى پايتەخت كوچىسىدا ئۇچرىتىپ، ئۇنى يۇقىرى ئەمەلدار ئالدىغا ئاپىرىپ ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى نەقلەشتۈردى. مۇراسىم ئەمەلدارى «بۇ ئىش دۆلەت ئىززىتىگە تاقىلىدۇ، يىراقتىن كەلگەنلەرنى قايىل قىلىش ئۈچۈن، قاتتىق جازا بېرىشكە توغرا كېلىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، گەنسۇغا ئەمەلدار ئەۋەتىلىپ، بۇ ئىش بىر تەرەپ قىلىندى، ۋاڭ خوڭ جازاغا تارتىلدى.

يات دۆلەت ئەلچىلىرى ئۇلپان ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئەسلى كەلگەن يولى بىلەن مېڭىپ قوۋۇقتىن چىقىپ، ئۆز دۆلىتىگە قايتاتتى. ئەلچىلەرگە جوڭگو زېمىنىدا ساياھەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى.

جوڭگو ئەلچىلىرى غەربىي يۇرتقا ئېلىپ بارغان مالنىڭ كۆپى زور تۈركۈمدىكى يىپەك توقۇلمىلار بولاتتى، ھەرقايسى دۆلەت پادىشاھلىرىغا جەزمەن رەڭدار رەختلەر سوۋغات قىلىناتتى. غەربلىكلەر بۇنى ئەڭ قەدىرلەيتتى. چاي غەربىي يۇرتلۇقلارغا زۆرۈر بولغان ئىچىملىك بولۇپ، چايمۇ سىرتقا چىقىرىلىدىغان مۇھىم مال ئىدى. ئىپار دۇنيانىڭ باشقا يېرىدە يوق ئىدى. قىزىل قاشتېشى، ئالماس،

ئۈنچە ـ مەرۋايىت، چاكاندا قاتارلىق ماللارمۇ جۇڭگودىن ئېلىپ بېرىلاتتى. ئوردا يات دۆلەت ئەلچىلىرىگە سوۋغات بەرگەندىمۇ رەڭدار رەخت ياكى پۇل ۋە يامبۇ بېرەتتى.

## △ قوشۇمچە: قامۇلنىڭ قۇمۇل ئىكەنلىكى توغرىسىدا

«مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خامى ( 哈密 ) دېگەن سۆز بار، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە يەنە خامبىلى ( 哈梅里 ) دېگەن سۆزمۇ بار. دىڭ چيەن «‹مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى› دىكى جۇغراپىيىلىك ناملار توغرىسىدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشلار» دېگەن ماقالىسىدە، «خامبىلىنىڭ زېمىن دائىرىسى تەزكىرىدە ئېنىق ئەمەس، ئەمما ليۇ جېننىڭ ئۇ يەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ بارغانلىقىغا نەزەر سالساق، ئۇ لياڭجۇدىن يولغا چىقىپ غەربكە قاراپ يول ئالغان. ئۇنداقتا بۇ قەبىلە چىلانتاغنىڭ شىمالىدا، بۈگۈنكى بولات شەھىرىدە بولغان بولىدۇ» دەيدۇ. بۇ تامامەن قارىسىغا چىقىرىلغان ھۆكۈم بولۇپ، ئىشىنىشكە بولمايدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە بۇ ئىككىسى ئەمەلىيەتتە بىر جاي بولۇپ، تارىخ كىتابىدا ئىككى جاي قىلىپ يېزىلغان، بۇ چوڭ خاتالىق. بۇنى تۆۋەندىكىچە تەكشۈرۈپ مۇقىملاشتۇرىمەن: (1) خامبىلى، «يۈەن سۇلالىسى رەسىملىك قامۇسى» دا «كېمولى» ( 柯摸里 ) دەپ يېزىلغان، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دىكى «بارچۇق ئارت تېكىن تەزكىرىسى» دە «خاملى» ( 哈密力 ) دەپ يېزىلغان. «ماركوپولو ساياھەتنامىسى» نىڭ 1 ـ جىلدىنىڭ 41 ـ بابىدا «Camul» (كامۇل) دەپ يېزىلغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر جاينىڭ نامى، شىمال تەلەپپۇزىدا « 哈 » بىلەن « 柯 » ئوخشاش، مەسىلەن: « 可汗 » (خاقان) نى « 黑韩 » دەپ يېزىشقىمۇ بولىدۇ. « 哈 »، « 柯 »، « 可 »، « 黑 » لار بىر تاۋۇشنى بىلدۈرىدۇ. « 柯摸里 » (كېمولى) تۈركىي تىلدا «قۇملۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى يەرلىك پۇقرالار « 哈密 » نى يەنىلا « 柯摸里 » (قامۇل) دەيدۇ. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى « 哈密 » دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى « 里 » تاۋۇشى قىسقارتىۋېتىلگەن. (2) «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» نىڭ بىر يېرىدە «خامى ( 哈密 ) شەرقتىكى جيايۈگۈەن قوۋۇقىدىن 1600 چاقىرىم يىراقتا» دېيىلگەن، يەنە بىر يېرىدە «خامبىلى ( 哈梅里 ) گەنسۇغا يېقىن» دېيىلگەن. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى «سۇڭ شېڭ تەزكىرىسى» دە «خامبىلى سۇجۇ (جيا يۈگۈەن قوۋۇقى سۇجۇدا) دىن 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يىراقتا» دېيىلگەن. ھەر ئىككىسىدە ئىككى ئارىدىكى يىراقلىق ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمەلىيەتتە بىر جاي. (3) تەزكىرىدىكى بىر جايدىكى « 哈密 » نى «يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ۋۇۋېي ۋاڭى نارقۇشىدى ساقلىغان، يەنە بىر جايدىكى خامبىلىدا «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەرقايسى ۋاڭلاردىن ئۇناشىرى تۇرغان، بۇ ئىككى ۋاڭنىڭ ئىسمى بىر ـ بىرىگە يېقىن كېلىدۇ، دەۋرىمۇ ئوخشاش، بۇلار ئەمەلىيەتتە بىر ئادەم. (4) تەزكىرىنىڭ ئىككىنچى جايىدا «خۇڭۋۇ 13 ـ يىلى، تۇتۇق پۇيىڭ قوشۇن باشلاپ بېرىپ، يەر ئىگىلەپ خامبىلى يولىنى ئېچىپ، سودا ـ ساياھەتنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. . . غەربىي يۇرت، ئۇيغۇرلاردىن ئولپان ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭ كۆپى خامبىلى تەرىپىدىن توسۇپ قويۇلدى. . . ليۇجېن، سۇڭ شېڭ بىرلىكتە قوشۇننى باشقۇرۇپ ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى، ليۇجېن قاتارلىقلار لياڭجۇدىن يولغا چىقىپ، غەربكە قاراپ يول ئالدى. كېچىدىن پايدىلىنىپ، ئۇدۇل شەھەر تۈۋىگە يېتىپ باردى، تۆت

(ئاخىرى 55 ـ بەتتە)

新疆地方志

（季刊）

目　录

1999年第三期

总第四十八期

顾　问
乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提

主　编
沙比尔·艾力

副主编
哈德尔·阿皮孜
吾甫尔·吾守尔·尼牙孜
阿不都肉甫·艾力

编　委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提
买买提·阿不拉

责任编辑
阿不力孜·鄂尔浑

# 目　录

## 修志研究

哈密地区的修志进度 …………………… 玉素甫·努斯 2
修志功臣—塔依尔·塔什巴也夫 ………… 买带尼也提·木卡塔依 7

## 历史资料

论匈奴和中原王朝的文化关系 ………………… 买合木提·尼扎米 10
有关中亚的重要地理著作《世界境域志》…… 亚里昆·买买提亚尔 25
吐鲁番阿斯塔那乡新型教育的出现及其发展 ………………… 买合木提·伊里亚斯 29
匈奴政治制度考 ………………… 莫任南 34

## 历史回忆录

《马钟英之死》一文读后 ………………… 赛甫拉尤夫 42
解放前在叶城县的印度人 ………… 阿不都热西提·霍加艾合买提 48
我所知道的土尔地团长 ………………… 马木提·哈孜 50

## 地名研究

浅谈《秦》和《马秦》述语的起源 ………………… 哈力甫·巴拉提 53

## 新疆百业

古代于阗的刮刀工艺 ………………… 托合提尼亚孜·土尔孙 56

## 中国经营西域史

第三节　明朝西域诸国之人贡 ………………… 58

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى

# 新疆地方志维吾尔文(季刊) (پەسىللىك ژۇرنال) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى


主　办：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
　　　　新疆维吾尔自治区地方志学会
编辑出版：《新疆地方志》编辑部
地　址：乌鲁木齐市东风路8号
照　排：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会激光照排公司
印　刷：新疆维吾尔自治区地矿彩印厂

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «شەرق شامىلى» كوچىسى 8 - قورو
تىزغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى كومپيۇتېر مەتبەئە شىركىتى
باسقۇچى: ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار رەڭلىك باسما زاۋۇتى

国内统一刊号 CN65－1110/K－W
电话：2821715　邮政编码：830002
定价：3.00元

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65－1110/K－W
تېلېفون نومۇرى: 2821715 پوچتا نومۇرى: 830002
باھاسى: 3.00 يۈەن